EU

# بىرلىك



ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى

OSTTURKISTANISCHE UNION IN EUROPA e.V

EASTERN TURKESTANI UNION IN EUROPE

AVRUPA DOĞU TÜRKISTAN BIRLIGI

اتحاد تركستان الشرقيه فى اوربا

欧洲东土耳其斯坦联盟

1999

www.uyghurkitap.com








سۈرەتتە ( يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە ) :

1. « ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى » نىڭ 33 - يىلدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » ۋە 44 - يىلدىكى « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » نى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن كونفىرانسىتىن كۆرۈنۈش

2. يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قازاقىستاننىڭ گېرمانىيەدىكى ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزگەن شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى، قازاقىستان ئەلچىخانىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە يېزىلغان ئارازىلىق خېتى تاپشۇردى

3. ئىككىنچى نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىدىن بىر كۆرۈنۈش

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزى
نەشر قىلدى

## مۇندەرىجە


« خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ ئاخباراتى ............ 1

« خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ باياناتى ............ 3

شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىم ئەنۋەر جان . 4

خىتاي ھۆكۈمىتى نەشر قىلغان، « شىنجاڭ تارىخىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا سوئال ـ جاۋابلار » ئاتلىق رىسالىدىكى سەپسەتىلەرگە جاۋاپ ............ ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى ئانات . 7

شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ دائىرىسى ۋە خارەكترى ............ پەرھات يۇرۇڭقاش . 19

شەرقىي تۈركىستاندا دىنىي ئېتىقاد ............ ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر . 29

« بىز تېنچلىقپەرۋەر ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن قوزغىلىمىز ؟ » ..... مۇلى . 40

ۋاڭ لېچۈەنگە رەددىيە ............ ئەخمەت ئىگەمبەردى . 52

«دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى» ـــ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي كۈرەشلەرنىڭ مەھسۇلى ............ ئۆمەرجان شاھيارى . 58

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ، « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسى » نىڭ بەزى ماددىلىرىغا ئىمزا ئېتىشىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىگە بولغان تەسىرى ............ ئەركىن ئەكرەم . 62

1999 ـ يىلىنىڭ ئەجايىپ « سوۋغىلىرى » ............ شەيدا بەشكەرەمى . 72

دۈشمەنىدە رەھىم ، دوستتا ۋاپا يوق، ئەمدى بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك ؟ ............ ئە. ئىگەمبەردى . 73



**ژورنال مەسئۇلى:**
ئەنۋەر جان
**باش مۇھەررىر:**
پەرھات يۇرۇڭقاش
**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:**
ئىلىيار ئۆمەر
**مۇھەررىرلەر:** تۇرسۇن مۇھەممەت، ئەسقەرجان، ئادىل بايىرى، ئۈمىت ئاگاھى، دىلشات لىتىپ، ئەنۋەر تۇرسۇن ئەركىن ئەنۋەر، پەرىدە
**مونتاژ ۋە كومپيۇتۇرغا ئالغۇچى:**
ئۆمەرجان شاھيارى
مەرھابا رەجەپ
**كورىكتۇر:**
ئايگۈل ئەسەتكېچىك



**ژورنىلىمىزنىڭ ئادرېسى:**
OSTTURKISTANISCHE
UNION IN EUROPA e. V.
Volpini str 30a
80638 München
GERMANY

**تېلېفون ۋە فاكس:**
0049 89 1783525
78588484



**ژورنىلىمىزنىڭ ۋاكالەتچىلىرى:**
**ئاۋىستىرالىيە:**
ئەخمەت ئىگەمبەردى
**تۈركىيە:**
ئابدۇلجېلىل تۇران
سەيپۇللا پامىر
**ئامېرىكا:**
ئەنۋەر يۈسۈپ
ئابلاجان لەيلى نامان

www.uyghurkitap.com




« پادا باقىقاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاقىقاندا ئايرىلدۇق »
غۇلامىدىن ئەھمەت پاختا ........................................ 76

« ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ، قازاقىستان پرېزىدېنتى
نۇرسۇلتان نەزەربايېۋقا يوللىغان خېتى ........................................ 77

قازاقىستان ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق
سىياسىتىگە شېرىك بولماقتا ........................ ئابدۇلجېلىل قارقاش 79

چەتئەللىكلەر نەزىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان: تېنچسىزلىق
........................................ مايىلس كلېمانس 81

چەتئەل مەتبۇئاتلىرىدا شەرقىي تۈركىستان: « بۆلگۈنچى » لەر خىتاي
ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلىرىغا دۇچار بولماقتا
........................................ مىخائىل لارس 86

ۋەتەندىن كەلگەن خەت: خوتەن ۋىلايىتىدە دىنى ساھە ئېغىر
ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىماقتا ........................................ 87

ۋەتەندىن كەلگەن خەت: دېھقاننىڭ دات ـ پەريادى ..... ( ئەدەبىي
ئاخبارات ) ........................................ 92

ۋەتەندىن كەلگەن خەت: بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتلەر ........................ 98

ۋەتەندىن كەلگەن خەت: « مىڭى خاتا تۇتۇلسا تۇتۇلسۇن، بىرى قېچىپ
كەتمىسۇن ........................................ 100

دۆلەت ۋە ئانا ۋەتەن ھەققىدە مۇلاھىزە ........................ يالقۇن 102

شەرقىي تۈركىستاندىكى مەشھۇر شەخسلىرىمىزنىڭ قەبرىلىرى ........ 104

ئاۋستىرالىيىدە ئىلى مەشرىپى ........................ ئە. ئىگەمبەردى 105

مىللىي داۋايىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەيلى ..... ئابلاجان لەيلى نامان 107

كېرەم شېرىپنىڭ دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان سۆزى
........................................ 110

دالاي لامانىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئېيتقانلىرى
........................................ ئۆمەر قانات 112



**Responsible Maneger:**
Enver Can
**Chief Editor:**
Perhat Yurungkash
**Deputy Chief Editor:**
Iliyar Omar
**Editors:**
Tursun Mohammed
Asgar Can, Adil Bayeri
Ümit Agahi, Dilshat Litip
Enwer Tursun, Erkin Enwer
Peride
**Layout:**
Omerjan Shahyari
Marhaba Rejep
**Korrektur:**
Aygül Esetkiqik



**Address:**
**OSTTURKISTANISCHE UNION IN EUROPA e. V.**
**Volpini str 30a**
**80638 München**
**GERMANY**
**Tel&Fax:**
**0049/89/1783525**
**78588484**
**Representative in Australia:**
Ahmat Igamberdi
**Representatives in Turkey:**
Abduljelil Turan
Saypulla Pamir
**Representatives in U.S.A :**
Anwer Yusup
Ablajan Layli Naman


## ۋەتەنداشلار دىققىتىگە:

بەزى قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن ژۇرنىلىمىزنى تولىمۇ كېچىكتۈرۈپ نەشر قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بارلىق ۋەتەنداشلىرىمىزدىن ئۆزۈر تىلەيمىز.

ھۆرمەت بىلەن: ئەنۋەرجان ( ژورنال مەسئۇلى )
پەرھات يورۇڭقاش ( باش مۇھەررىر )

# « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ ئاخباراتى

ئەزىز ۋەتەنداشلار!

خەلقىمىز تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىزلەرنى قىزغىن تەبرىكلەپ تۆۋەندىكىدەك ئاخبارات ئېلان قىلىمىز:

ۋەتىنىمىز سىرتىدا قۇرۇلۇپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ يىل 8 - دېكابىر كۈنىدىن باشلاپ، تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە بىر يەرگە كېلىپ، ۋەتەن - مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە چوڭقۇر، ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

تەشكىلات رەھبەرلىرى كېڭەشكە تۆۋەندىكى كىشىلەر قاتناشتى:

تۈركىيىدىن: شەرقىي تۈركىستان ۋەقپى باشلىقى گېنىرال مەھەممەت رىزا بەكىن، شەرقىي تۈركىستان فوندى باشلىقى تۇرسۇن تارانچى، شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمئىيىتى باشلىقى سېيىت تارانچى، قازاقىستاندىن: جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ باشلىقى فەرھات ھاسانوۋ، ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى سابىت ئابدۇراھمان، قازاقىستان رىگىئونالىلىق ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى قەھرىمان خوجامبەردى، قىرغىزىستاندىن: قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك ئىتتىپاق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى نىغمەت ئابدۇلقادىر، قىرغىزىستان بەشكەك ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن ئىسلام، ئۆزبەكىستاندىن: ئۆزبەكىستاندىكى ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى مەركىزى ھەيئىتى باشلىقى سېيىتجان سېيىتشوۋ، گېرمانىيىدىن: ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى باشلىقى ئەسقەرجان، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى باشلىقى دولقۇن ئەيسا، شۋېتسىيىدىن: شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى باشلىقى فارۇق سادىقوۋ، ئاۋىستىرالىيىدىن: شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى باشلىقى ئەخمەت ئىگەمبەردى، ئامېرىكىدىن: ئۇيغۇر ئىتتىپاقى بىرلەشمىسى مۇئاۋىن باشلىقى رىشات ئابباس، تەييارلىق ھەيئىتى كاتىۋاتلىرى ئابلىكىم باقى، ھامىت كۆكتۈرك، رەخمىجان روزى.

كېڭەشمىگە قاتناشقۇچىلار جىددىي مۇھاكىمىلەردىن كېيىن، ۋەتىنىمىزدىكى ۋە خەلقئارادىكى پايدىلىق ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ۋەتىنىنىڭ سىرتىدا قۇرۇلۇپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ، ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك پائالىيەت ئېلىپ بارالايدىغان كوردىناتسىيون ئورگان - خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنى قۇرۇپ چىقىش زۆرۈر دەپ ھېساپلىدى.

كېڭەشمىگە قاتناشقۇچىلار، تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن

www.uyghurkitap.com



ۋاكالەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، مۇشۇ كېڭەشمىنى، مىللىي مەركەزنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان تەسىس يىغىنغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن - دەپ ھىساپلىدى.

شۇ ئاساستا، بۇيىل دېكابىر ئېيىنىڭ 9، 10، 11 - كۈنلىرى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەقپى مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ يىغىن زالىدا تەسىس يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۈزئارا ئىتتىپاقلاشقان ھالدا دېموكراتىك كېڭەشمىش ئارقىلىق خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنى قۇرۇپ چىقتى. ئالدىمىزدىكى قۇرۇلتاي ئىچىلغىچە بولغان مەزگىلدە ئورگان بولۇپ ھىساپلىنىدىغان مىللىي مەركەز تەسىس يىغىنىدا ئالدى بىلەن مىللىي مەركەزنىڭ نىزامنامىسىنىڭ لايىھىسى مۇھاكىمە قىلىپ، مەلۇم تۈزىتىشلەردىن كېيىن قوبۇل قىلدى. ئاندىن كېيىن نىزامنامىگە ئاساسەن، مىللىي مەركەزنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنى - مەركىزى كومىتېتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. مەركىزى كومىتېت تەسىس تەشكىلات باشلىقلىرىدىن تەركىپ تاپتى.

مەركىزى كومىتېت ئۆزىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىنى ئېچىپ رەھبىرى خادىملىرىنى سايلاپ چىقتى. دېموكراتىك تاللاش ئاساسىدا، ئوچۇق ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان سايلام نەتىجىسىدە:

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنىڭ رەئىسلىكىگە گېنىرال مەھمەت رىزا بېكىن ، بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سېيىت تارانچى، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە فەرھات ھاسانوۋ ، نېغمەت ئابدۇلقادىر ، ئەسقەرجانلار سايلاندى.

ئىنتىزام - تەپتىش كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە تۇرسۇن ئىسلام، ئەزالىقىغا رەخمىجان روزىيوۋ ، ھامىت كۆكتۈركلەر سايلاندى.

ملىي مەركەز ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسلىكىگە ئابلىكىم باقى سايلاندى.

مىللىي مەركەزنىڭ پائالىيىتىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش مەقسىدىدە، مىللىي مەركەزنىڭ تەركىۋىدە «ۋەتەن فوندى» تەسىس قىلىندى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت نىزامنامىسى بېكىتىلدى.

«ۋەتەن فوندى» رەئىسلىكىگە تۇرسۇن تارانچى، مۇئاۋىنلىقىغا فەرھات ھاسانوۋ ۋە نېغمەت ئابدۇلقادىرلار سايلاندى. يىغىندا يەنە «مىللىي مەركەزنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ۋەتەنداشلارغا مۇراجىتى» مۇھاكىمە تەستىقلاندى.

مەركىزى كومىتېتنىڭ ئاخىرقى يىغىنىدا، مىللىي مەركەز رەئىسىگە ۋە ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسىگە زۆرۈرىيەت ۋە ئىمكانىيەتلەرگە قاراپ، ھەرخىل ئىش بۆلۈملىرىنى قۇرۇپ چىقىش ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈش تەۋسىيە قىلىندى. مىللىي مەركەز رەئىسىگە يەنە يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان مىلللىي مەركەزنىڭ ھۆكۈمەت قانۇن ئورگانلىرىنىڭ روېيخېتىدىن ئۆتكۈزۈش - تەستىقلىتىش تەۋسىيە قىلىندى. ئۇندىن باشقا يەنە مىللىي مەركەزنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىستىقلال» نى نەشىر قىلىش، خەلقئىرا دىپلوماتىيە پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇش ۋە «ۋەتەن فوندى» غا كىرىم قىلىشنى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق مەخسۇس قارارلار ئېلىندى.

شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىمىز ۋەتەن داۋاسىدا يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغۇسى!

# « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ باياناتى

1998 ـ يىلى، 9، 10، 11 ـ دېكابىر كۈنلىرى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى مەملىكەتلىرىدە قۇرۇلۇپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقلىرى قاتناشقان تەسىس يىغىنى ئېچىلدى. تەسىس يىغىنى ئارقىلىق خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى رەسمىي قۇرۇلدى. بىز مىللىي مەركىزىمىز قۇرۇلغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا تەنتەنە بىلەن جاكالاش بىلەن بىرلىكتە تۆۋەندىكىدەك سىياسىي بايانات ئېلان قىلىمىز.

مىللىي مەركىزىمىز ـ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا، مىللىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىغا تايانغان ھالدا قۇرۇلغان بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئورگان بولۇپ، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق داۋا تەشكىلاتلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا بىرلەشتۈرىدۇ ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىدۇ.

مىللىي مەركىزىمىز ـ مىللىي ئازاتلىق كۆرىشىمىزنىڭ جەڭگىۋار شتابى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىي ئازاتلىق ھەركىتىمىزنىڭ ستراتېگىيىسىنى، تاكتىكىسىنى بەلگىلەيدۇ ۋە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

مىللىي مەركىزىمىز ـ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بارلىق ئەركىنلىك كۆرەشلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

مىللىي مەركىزىمىز ـ ۋەتەن داۋاسىنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى، ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى، دۇنيا ئىسلام كونفىرنسىسى ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارغا شۇنىڭدەك دۇنيا دۆلەتلىرىگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

مىللىي مەركىزىمىز ـ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ خەلقئارادىكى بىردىن ـ بىر قانۇنى ۋەكىلى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلاردا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، كېلىشىم تۈزۈش، ئىمزالاش، بىكارقىلىش، ئاخبارات ياكى بايانات ئېلان قىلىش ھوقۇقلىرىغا ئىگە.

خەلقئارادىكى بارلىق دوست دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلار شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە بىز بىلەن مۇناسىۋەت ئورنۇتۇپ، ئالاقىلىشىشنى ئۈمىت قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن :

« خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ رەئىسى:

**گېنىرال مەھمەت رىزا بېكىن**

# شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىم

**ئەنۋەرجان**

( « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ باياناتچىسى ۋە « بىرلىك » ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇلى )

1998 - يىلى دېكابىردا تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نى تەسىس قىلىش يىغىنى چاقىرىلدى. بۇقېتىمقى يىغىننىڭ يىگانە ۋە توپ مەقسىدى، تاشقى دۇنيادا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي داۋايىمىزنى يەنىمۇ كۈچلەندۈرۈش، تارقاق كۈچلىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ھەممە بىرىيەگىدىن قول چىقىرىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش، بۇئارقىلىق ھەم يۇرتىمىزدا مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى پىدا قىلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە يارىشا ئەمەلىي ئىش قىلىش، ھەم دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ تەك ۋۇجۇت، ئۇيۇشقاق ئىكەنلىكىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئىدارە قىلالايدىغان مول مەدەنىيەتكە ۋە شانلىق تارىخقا ئىگە بىر مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى نامايەن قىلالايدىغان بىر خەلقئارالىق تەشكىلاتنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتىن ئىبارەتتۇر.

بەلكىم بىز قۇرماقچى بولغان خەلقئارالىق تەشكىلاتىمىزنىڭ نامى « شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى »، « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » ۋە ياكى « شەرقىي تۈركىستان سەرگەردان پارلامېنتى » بولۇشى مۇمكىن. مەيلى ئۇنىڭ نامىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئومومەن خەلقىمىزگە ھەقىقىي يوسۇندا تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان، كەڭ دائىرىدە ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي بازىغا ئىگە، خەلقئارا سىياسىي سەھنىلەردە ئېتىراپ قىلىنغان ۋە نوۋەتتىكى مۇرەككەپ خەلقئارا دىپلوماتىيە ساھەسىگە ماسلىشالايدىغان ھەرىكەتچان ۋە ئاكتىپ پائالىيەتكە ئىگە بىر ئورگاننى تىكلەپ چىقىش - بىز بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بوينىمىزدىكى قەرزىمىز ۋە پەرزىمىز. بەزى قىيىنچىلىقلارنى ۋە توسقۇنلۇقلارنى باھانە قىلىپ بۇنداق بىر ئورگاننى قۇرۇپ چىقىشقا سەل قارىساق، ئۇچاغدا بىز غەپلەتكە چۈشكەن بولىمىز.

بىز دۇنياغا كۆز تاشلايدىغان بولساق، مىللىي ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مۇستەملىكە ئاستىدىكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ۋەتەن ئىچىدە ياكى چەتئەللەردە، ئۇ مىللەتنىڭ نىمە ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە نىمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە، ھۆر - ئازات ياشاۋاتقان بارچە خەلقلەرگە، ئۇلارنىڭ خەلقئارادىكى مۇنبىرى بولغان بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتىغا، ئېزىلىۋاتقان خەلقلەرنى قوغدۇغۇچى تەشكىلاتلارغا ۋە ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرىغا چۈشەندۈرىدىغان، يەتكۈزىدىغان ھەمدە ۋاقتى - سائىتى يېتىپ كەلگەندە ئۆز مىللىتىگە ۋاكالەتەن مۇزاكىرە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئىككى تەرەپلىمە ۋە كۆپ تەرەپلىمە بېتىم - شەرتنامىلارغا قول قويىدىغان مەركىزى بىر تەشكىلاتى بار. بۇنىڭغا « پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى » نى ۋە « شىمالى ئىرلاندىيە ئازادلىق ئارمىيىسى » نىڭ سىياسىي قولىنى مىسال قىلىپ

كۆرسىتىش مۇمكىن.

نۆۋەتتىكى ناھايىتى قىيىن شارائىت ئاستىدىمۇ يەنە تۈركىيەدىكى ‹ شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى › ۋە ‹ شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتى › نىڭ ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە پىداكارلىقى بىلەن بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ خەلقئارا تەشكىلاتىنىڭ ئاساسى يارىتىلغان بولدى. ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان بۇ مىللىي مەركەزنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان بارلىق ئەرباپلىرىمىزغا رەخمەت ۋە تەشەككۈر ئېيتىش بويىنىمىزنىڭ بۇرچى.

بىزنىڭ، يەنى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىسى - قۇرۇلغان بۇ تەشكىلاتنى ئۈپرۈتۈش، يەنە باشقا بىرتەشكىلاتنى قۇرۇشقا ئىنتىلىش ئەمەس، ئەكسىچە شۇنچىۋالا پىداكارلىقلار ۋە تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا چىققان ‹ شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى › نى يەنىمۇ كۈچلەندۈرۈش، ئۇنى ئاكتىپ ئىشقا سېلىش، تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە خەلقئاراغا يۈزلەندۈرۈش، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، ئۇنى خەلقئارادا مۇقەددەس داۋايىمىزغا ھەقىقى ھالدا ۋەكىللىك قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشتىن ئىبارەت. ‹ شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى › نىڭ قۇرۇلغانلىقى - بۇنىڭ ئۈچۈن تاشلانغان تۇنجى قەدەمدىن ئىبارەتتۇر. ئەمدىكى مەسىلە، بۇ تەشكىلاتىمىزنىڭ كۈچلۈك بىر دۆلەتتە رەسمى ھالدا ئېتىراپ قىلىنىشى، تونۇلۇشى، يەنى قانۇنى رويىخەتكە ئېلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. دېموكراتىك بىر ھوقوق دۆلىتىدە قانۇنى تىزىمغا ئېلىنمىغان بىر مىللىي مەركەزنىڭ داۋايىمىزغا ئەنچە پايدىلىق بولالمىغىنىدەك، دۇنيا جامائەتچىلىكىمۇ بۇنداق بىر تەشكىلاتقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. مېنىڭچە تاشقى دۇنيادىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى مەسئۇللىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى موھىم ۋەزىپىللىرىنىڭ بىرى ، ئۆزئارا باش قوشۇپ، ‹ بۇ مىللىي مەركەزنىڭ پائالىيەتلىرىنى قەيەردە ئېلىپ بارساق خەلقىمىزگە كۆپرەك پايدىلىق بولالايمىز ؟ › دىگەن سوئالغا جاۋاپ تېپىش بولسا كېرەك. بۇ مەسىلىدە ھېسىياتقا بېرىلمەستىن، سەخسىيەتچىلىك ۋە ئابرويپەرەسلىكتىن خالى بولۇپ، ئالدى بىلەن ‹ ۋەتىنىم › دەپ جېنىنى بېرىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىمىز ، نۆۋەتتىكى مۇرەككەپ خەلقئارا سىياسى ۋەزىيەتنى ۋە خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى كۆزئالدىمىزدا تۇتۇپ، رىياللىقنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم. ئەنە شۇندىلا بىز مىڭبىر قىيىنچىلىقلار بىلەن قۇرۇلغان مىللىي مەركىزىمىزنىڭ كۈچىيىشىگە ھەسسە قوشالايمىز.

مىللىي مەركىزىمىزنى كۈچلەندۈرىدىغان موھىم ئامىللارنىڭ يەنە بىرى - نۆۋەتتىكى مەۋجۇت خەلقئارا قانۇنلاردىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، مىللىي داۋايىمىزنى بىرلەشكەن دۆلەتلەرتەشكىلاتى قارمىقىدىكى ئىنسان ھەقلىرى، نوپوس، باللارنى ئاسراش، موھىتنى قوغداش ... قاتارلىق كومۇتېتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا بارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ كۈنتەرتىۋىگە كىرگۈزۈش يوللىرى ھەققىدە جىددى ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە بىزنىڭ خەلقئارا قانۇنلارنى ياخشى بىلگەن قانۇنشۇناسلارغا، دېپلوماتىيەنى ياخشى بىلگەن ئەرباپلارغا؛ ئەنگىلىزچە، خىتايچە، رۇسچە، گىرمانچە، فىرانسۇزچە... تىللارنى خېلى ئەتراپلىق

بىلگەن خادىملارغا ئېھتىياجىمىزبار.

خوددى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، بىزنى مۇستەملىكە قىلىۋالغان ۋە ئېزىۋاتقان دۆلەت، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان ۋە ئىقتىسادى ئەڭ ياخشى تەرەققى قىلىۋاتقان چوڭ خىتاي دۆلىتىدىن ئىبارەت. بىزنى، يەنى مىللىي داۋايىمىزنى بۇنداق بىر كۈچلۈك دۆلەتكە قارشى ھمايە قىلالايدىغان ۋە خەلقئارا دېپلوماتىيە سەھنىسىدە بىزگە يان باسالايدىغان بىرەر دۆلەتنى تېپىش ھازىرچە قىيىن بولسا كېرەك. بۇنداق ۋەزىيەتتە بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ، مەتبۇئات ئورگانلىرىنىڭ ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ بىزگە بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ خىتايغا مەلۇم دەرىجىدە بېسىم ئىشلىتىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە مۇناسىپ ئۇسۇل، ئۇيغۇن تىل ۋە ئىقتىسات بولۇشى كېرەك.

ھازىرغا قەدەر چەتئەللەردىكى تەشكىلاتلىرىمىز ۋە شەخسلىرىمىز ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن چەكلىك بولغان ماددى ۋە مەنىۋى ئىمكانىيەتلىرىگە تايىنىپ پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتىكى بۇ ئىشلارنى قىلغۇچىلار ھەممىمىزگە ئوخشاش ئىنسان، ئۇلارنىڭمۇ خوددى بىزدەك ماددى ئېھتىياجلىرى تەمىنلىنىشى ۋە بالا - چاقىلىرى خاتىرجەم ياشىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى ھازىرغىچە بىز بۇ ئامىللارنى بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ، ھەركىمدىن « ياخشى ئىشلىمىدىڭ » دەپ ھساپ سوراشقا ئىنتىلىپ كەلدۇق. ئەگەر بىزنىڭ يېڭى قۇرۇلغان مىللىي مەركىزىمىزنى ھەقىقەتەن ئاكتىپ ئىشلەپ، ۋەتەن - مىللەتكە پايدىلىق چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقارسۇن دىسەك. ئالدى بىلەن بىز بۇ مەركەزدە ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ تۇرمۇشنى قامدىشىمىز ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ يىللىق قىلىدىغان ئىشلىرىغا كېتىدىغان پۇلنى تولۇق يەتكۈزۈپ بېرىشىمىز شەرت. ئۇنداق بولمىغاندا قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئىنسانلار بۇ ئىشقا دەسسىمەيدۇ ۋە دەسسىمۇ تازا ئۈنۈملۈك ئىشلىيەلمەيدۇ.

ئۇندىن باشقا بىزيەنە، خەلقئارالىق دېپلوماتىيەنى ۋە ئەركىن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ پسىخولوگىيىسىنى بىلىدىغان داۋايىمىزغا پايدىلىق ئەرباپلىرىمىزنى ئىزدەپ تېپىشىمىز ۋە ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

مىللىي مەركەز رەھبەرلىكى تۇنجى نۆۋەتلىك رەسمى قۇرۇلتايىنى، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 1999 - يىلى ئۆكتەبىردە گىرمانىيەنىڭ ميونخىن شەھرىدە ئۆتكۈزىمىز، دەپ قارار چىقاردى. بۇقارارنى تەبرىكلەيمىز ۋە توغرا يولدا تاشلانغان يەنەبىرقەدەم دەپ بىلىمىز. ئەنەشۇ يۇقارقىدەك موھىم مەسىلىلەرنى بۇقېتىمقى قۇرۇلتاي جەريانىدا ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىپ، داۋايىمىزغا ئەڭ پايدىلىق بولغان يولنى تېپىپ چىقىشقا تەييارمىز. ئەنەشۇ مەسىلىلەرنى ئىجابى ھالدا بىرتەرەپ قىلىپ، مىللىي مەركىزىمىزنى زامانىۋى، دېموكراتىك، پائالىيەتچان، مەڭگۈلۈك ۋە خەلقئارادا ۋاكالەتچىلىك سالاھىيىتىگە ئىگە بىر ئورگانغا ئايلاندۇرساق، ئەنەشۇچاغدا ھەممىمىز بىركىشىلىك ۋىجدانى بۇرچىمىزنى ئادا قىلغان بولىمىز.

كېلىڭلار، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قولنى - قولغا بېرەيلى! ئۆزنەپسىمىزنى ۋە ئىچىمىزدىكى شەيتىنىمىزنى ئۆلتۈرەيلى ۋە خەلقىمىزگە خىزمەت قىلايلى!

1999 - يىل . ماي ( گىرمانىيە - ميونخىن )

# خىتاي ھۆكۈمىتى نەشر قىلغان ،

# «شىنجاڭ تارىخىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا سوئال ـ جاۋاپلار »

# ئاتلىق رىسالىدىكى سەپسەتىلەرگە جاۋاپ


**ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى ئانات**

(مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى)


1992 ـ يىلى ئۆكتەبىردە، « شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى » تەرىپىدىن «شىنجاڭ تارىخىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا سوئال ـ جاۋاپلار » ئاتلىق 36 سوئال ـ جاۋاپتىن ئىبارەت 92 بەتلىك ، مەمتىمىن تۇرسۇن ، ۋۇخوخۇەن تەرىپىدىن تۈزۈلگەن رىسالە 12000 تىراژدا بېسىلىپ تارقىتىلدى.

مەلۇمكى، 1949 ـ يىلى 25 ـ سىنتەبىردە مىللەتچى جىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گېنىرالى تاۋسىيۆ ، ئۆزامانىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بورھان شەھىدى ۋە ئوچ ۋىلايەت تەرىپىدىن سەيپىدىن ئەزىزىلەرنىڭ ماسلىشىشى ، تەسلىمچىلىگى ۋە ساتقىنلىغى بىلەن جىن كوممۇنىست ئارمىيىسى بىر پاي ئوق ئاتماستىن شەرقى تۈركىستاننى ئىستىلا ئەتكەن ئىدى . ھازىرغا قەدەر يېرىم ئەسىر ئۆتتى . جىن كوممۇنىسلىرى ۋەتىنىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ ، مىللىي خائىنلاردىن پايدىلىنىپ ، شەرقى تۈركىستاننى ئۆزلىرى بىلگەنچە ئىدارە قىلماقتا ، بايلىقلىرىمىزنى تالان ـ تاراج ئەتمەكتە ، مىللىي مەدىنىيەت ـ مائارىپىمىزنى كونترول قىلماقتادۇر . ئىدىيە جەھەتتە مىللەتچىلىك ، تۈركچىلىك ، ئىسلامچىلىققا قارشى تۇرۇش نامى ئاستىدا ماركسىزىم، لېنىنىزىم ۋە ماۋئىزىم تەرغىباتىنى يۈرگۈزۈپ ، ياشلىرىمىزنى ، خەلقىمىزنى ئىدىيە جەھەتتە زەھەرلىدى . مىللەتپەرۋەرلىك مىللىي بۆلگۈنچىلىك ، مىللىتىمىز تۈرك دىگەنلەر پانتۈركىسلىك ، مۇسۇلمان دىگەنلەر پان ئىسلامچىلىق يەنى پانىسلامىزىم بىلەن ئەيىپلەندى .

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تاشكەنت ۋە ئالمۇتادا ئۇيغۇر نەشرىياتلىرى قۇرۇپ ، شەرقى تۈركىستان ئۈچۈن يۈز مىڭلارچە دەرىسلىكلەر ، ئىلمى كىتاپلار ، رومانلار ، لۇغەتلەر .... ھازىرلاپ، شەرقى تۈركىستاننى ھەر تۈرلۈك كىتاپلار بىلەن تەمىنلىدى . بۇنىڭ ئاقارتىش ۋە ئىلمى جەھەتتە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىجابى ئۈنۈمى بولغاندەك ، خەلقىمىز ، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزنى ماركسىزىم ، لېنىنىزىم ئىدىيسى بىلەن زەھەرلەشتەك سەلبى رولىمۇ بولدى .

بۇندىن باشقا شەرقى تۈركىستاندا قۇرۇلغان خەلق نەشرىياتى ، مائارىپ نەشرىياتى ، ياشلار نەشرىياتى ، بېيجىڭدە قۇرۇلغان مىللەتلەر نەشرىياتى .... كەبى نەشرىياتلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان كىتاپلار كوممۇنىزىم ، ماۋئىمىزىمنى تەشۋىق - تەرغىپ قىلدى . بۇ تەشۋىقات روسىيە ۋە جىن كوممۇنىست ھۆكۈمىتى كەبى يىرىك دۆلەتلەرنىڭ

مىليونلارچە دوللارلىق ياردەملىرى بىلەن دەستەكلەنگەنىدى . ئەمما سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ۋە چىن كومۇنىستلىرىنىڭ بۇ يېرىم ئەسىرلىك ئەمگەكلىرى ئاقارتىش — مەرىپەت جەھەتتە ئەكسىچە رول ئوينىدى . روسىيە ھەققىدە بىلدىغانلىرىم چەكلىك بولغىنى ئۈچۈن، سۆز ساھىبى بولالمايمەن . لېكىن چىندە ياشىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ماۋزۇدا سۆزلەشكە ئۆزەمنى ھەقلىق ھساپلايمەن .

چىندە چىن كومموۇنىستلار پارتىيىسى 3 - ئومۇمى يىغىندىن كېيىن، يەنى دىڭ شاۋپىڭ چىن ئىدارىسىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ھەر ساھەدە بىر ئاز كەڭچىلىك بولغىنىدەك، ئىلىم ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ بىر ئاز كەڭچىلىك بولغانىدى . 1980 - يىلدىكى شەرقى تۈركىستان مەتبۇئاتىدا مىللەتچىلىك روھى دەرسلەردە ، كونفىرانسلاردا ، مەتبۇئاتلاردا تۈرك ، تۈركى تىل ، تۈركى خەلق ... كەبى ئاتالمىلار دىيىلىشكە باشلىغانىدى . بۇ ۋاقىتلاردا ، ئۈرۈمچىدە « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى » ، سەھىيە نەشرىياتى ، قەشقەردە ئۇيغۇر نەشرىياتى قۇرۇلۇپ ، بەزى مىللىي ئاتالمىلىرىمىزنىڭ تارىخى ، ئىلمى ، ئەدەبى ... ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى . جۈملىدىن، « ھۇن تارىخى »، « ئۇيغۇرلار »، « قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى » ، ئوغۇز داستانى ، ئەدەبىيات - تارىخلىرى ، نۇرغۇن ئىلمى ماقالىلار نەشر قىلىندى . ئارقىدىنلا ئەنقەرىيەدە بېسىلغان شەرقى تۈركىستان تارىخى بىر نەچچە يۈزلەپ يۈرتقا كىردى.

مىللەتچىلىك، تىل ۋە تارىخى سۆيگۈسى بىلەن باشلانغاچقا ، ھەقىقى مىللىي تارىخقا تەشنا خەلقلەر، بولۇپمۇ ياشلارغا بۇ كىتاپلار بىر مىللەتچىلىك مەكتىبى رولىنى ئوينىدى . روسلارنىڭ، خىتايلارنىڭ يېرىم ئەسىرلىك پائالىيەتلىرى ۋە تاراتقان زەھەرلىرى بىت - چىت بولدى . چۈنكى شەرقى تۈركىستاندا چوڭ خىتاي مىللەتچىلىگى بولغىنى ئۈچۈن ، يەرلىك خەلقلەردىمۇ تەبئى ھالەتتە مىللەتچىلىك باش كۆتەردى ۋە كۈچەيدى ، نەتىجىدە نامايىشلارغا ، قارشىلىق كۆرستىشلەرگە ، ئاخىردا ئىسيانلارغا سەۋەپ بولدى . چۈنكى شەرقى تۈركىستاندا مىللەتچىلىك ، تۈركچىلىك پىكرى - ئېقىمىنىڭ 1000 يىللىق تارىخى ئاساسى باردۇر . ئونىڭ يىلتىزى تۈركىستان تۇپراقلىرىغا تارقىلىپ كەتكەندۇر . ئۆزىنى تۈرك ، مۇسۇلمان، دەپ بىلدىغان تۈركىستانلىقنىڭ يۈرىگىگە ، مېڭىسىگە بۇ پىكىر سىڭىپ كەتكەندۇر . ھېچقانداق كۈچ تۈركىستان خەلقىنىڭمىللەتچىلىگىنى ، ئىستىقلال روھىنى يوقىتالمايدۇ .

شەرقى تۈركىستاندا مىللەتچىلىك قايتىدىن باش كۆتەرگەن 1982 — 1983 - يىللاردا، سەيپىدىن ئەزىزى ، بۇرھان شەھىدى ، ھامىدىن نىياز ، جانابىل ، مەمەتىمىن يۈسۈپ ، قەييۇم تۇردى ، تۆلەۋقان... كەبى مىللىي خائىنلارنىڭ چاقۇلىرى ، خائىنانە پىكىرلىرى بىلەن ، « ئىدىيۋى بۆلگىنىش » نامى ئاستىدا مىللەتچىلىككە قارشى ھەركەت يۈرگۈزۈلدى . « بۇرجۇئاچە ئەركىنلىككە قارشى تۇرۇش » نامى ئاستىدا مىللەتچىلىك ، تۈركچىلىككە قارشى ھەركەت ئېلىپ بېرىلدى . لېكىن نەتىجە ئالالمىدى.

1991 - يىلى ئۈچ كىتاپنى تەنقىتلەش ھەركىتى بولدى . بۇ جەرياندا چىن مەتبۇئاتلىرى، بولۇپمۇ شەرقى تۈركىستاندىكى ئاتالمىش مىللىي مەتبۇئات، مىللەتچىلەر مىليونلارچە دوللار خەجلەپ قىلالمايدىغان تەشۋىقاتنى ئۆز پۇلى ، ئۆز مەتبۇئاتى بىلەن قىلىپ بەردى . مەرھۇم مەمتىمىن بۇغرا ھەزرەتنىڭ شەرقى تۈركىستان تارىخىنى ئابزاس -

ئابزاسلار بويىچە نەقىل كەلتۈرۈپ بۇ مەنئى قىلىنغان كىتابنى ئۆز مەتبۇئاتلىرىدا نەشر قىلىپ خەلققە تونۇتتى . بەزى ئاپتورلارنى تەنقىتلەيمىز دەپ ، ئۆز قولى بىلەن مىللىي قەھرىمانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى . بۇنىڭ بىلەن خەلقىمىزدە ، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزدا تىل سۆيگۈسى ، مىللەت سۆيگۈسى ، تارىخ سۆيگۈسىدىن ئىبارەت مىللەتچىلىك ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە چىقتى . كۆپ يەرلەردە مىللەتچىلىك ئاساسىدىكى ھەرىكەتلەر ، ئىسيانلار كېلىپ چىقتى . بارىن ئىنقىلاۋى، ئاقسۇدىكى قورالىق ھەركەتلەر ، غۇلجا ۋاقەلىرى. ... ۋە باشقىلار . مۇسۇنداق شارائىتتا ئاپتونۇم رايۇنلۇق پارتكوم باشلىقلىرىنىڭ يولىيورىغىغا ئاساسەن، مائارىپ نازارىتى « شىنجاڭ تارىخىدىكى بەزى مەسىلەر توغرىسىدا سوئال ـ جاۋاپلار » ئاتلىق رىسالىنى نەشر قىلدى . ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ قارىشىچە بۇ رىسالە « ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىش ، تارىخى كىتاپلارنى ئىلمى ئۇسۇلدا تەھلىل قىلىش ۋە مۇئامىلە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ، ماركسىزملىق ( ئەبجىغى چىقىپ كەتكەن ـ ئاۋتور ) تارىخ قارىشى ، مىللەت قارىشى ۋە « ئىككى ئايرىلماسلىق » ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىدا چىڭ تۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىگىنى قوغداش ئاڭلىقلىقنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت ... » ئىمىش.

92 بەتلىك بۇ رىسالىدا، مىللىي تارىخىمىز پۈتۈنلەي بۇرمىلانغان . چىن مۇستەملىكىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ، چىن مۇستەملىكىلىرىنىڭ سىياستىگەخىزمەت قىلدىغان ئىلىم ۋە تارىخقا زىت يالغان ـ ياۋىداق ، ئويدۇرما سەپسەتىلەر بىلەن تولغان بۇنداق زەھەرلىك ئويدۇرما تارىخلارغا جاۋاپ بېرىش ؛ ھەقىقى مىللىي تارىخىمىزنى ئەينەن بايان قىلىش ، مىللىي تارىخىمىزنى قوغداش ، مىللەتچىلىگىمىزنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر . « بىرلىك » مەجمۇەسىنىڭ بۇ سانىدىن باشلاپ « شىنجاڭ تارىخىدىكى بەزى مەسىلەر توغرىسىدا سوئال ـ جاۋئاپلار » ئاتلىق رىسالىدىكى سوئاللارغا ئۆز مىللىي تارىخىمىز مەيدانىدا تۇرۇپ، سېستىملىق ھالدا جاۋاپ بېرىلىدۇ.

## رىسالىدىن نەقىل

شىنجاڭ ئەزەلدىن بۇيان جوڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى

« شىنجاڭ ئەزەلدىن جوڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ، بۇ 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخنىڭ يىغىنچاقلىنىشى بولۇپ، كۆپلىگەن ئىشەنچلىك تارىخى ئاساسلار ئالدىنقى شەرت قىلىنغان ».

### 1 . شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ مۇناسىۋىتى قاچان باشلانغان ؟

جاۋاپ: شىنجاڭ قەدىمقى زاماندا « غەربى يۇرت » دەپ ئاتىلاتتى . ئۇ، « جوڭگونىڭ غەربى قىسمىدىكى زىمىن » دىگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى . خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن چىڭ سولالىسى دەۋرىگىچە يېزىلغان تارىخى كىتاپلاردا ، شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايۇنلار شۇنداق دەپ ئاتالغان . قەدىمقىلارنىڭ « غەربى يۇرت » دىگەن سۆزىنى ئىشلىتىشى، تار ۋە كەڭ ئىككى خىل مەنىگە ئىگە ئىدى. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ غەربى قىسمىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ، غەربى ئاسىيا ، شىمالى ئافرىقا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقى قىرغاقلىرى ۋە ھىندىستاننىڭ شىمالى قىسمىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تار مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۇ، يۈيمىنگۈەن ، ياڭگۈەننىڭ غەربى ، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى ، كوكارت ( پامىر ) ۋە ئۇنىڭ شەرقى ، ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى دەۋرىدىكى مەركىزى ۋە يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ باشقۇرىشىغا قاراشلىق جايلارنى، زاماندىكى كاپىتال جاھانگىرلىكىنىڭ ئېلىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىگە تاجاۋۇز قىلىش ۋە ئۇنى بېسىۋېلىشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن . قەدىمقى زاماندىن باشلاپ غەربى يۇرت مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان . ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىشىچە ، ئالتاي تاغلىق رايونىدىن چىن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇنقى ساكلار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قەۋرىسى تېپىلغان ، تارىم ئويمانلىقى ۋە تۇرپان ، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن مەملىكىتىمىزنىڭ يىغىلىق دەۋرىگە تەۋە كۆپلىگەن قەبرىلەر تېپىلغان. بۇ قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان بىللە كۆمۈلگەن نەرسىلەر ئىچىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن چىقىدىغان گۈللۈك تاۋار ــ دۇردۇن ۋە بىرونزا ئەينەك قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلغان . لوپنۇر رايونىدىكى قەدىمقى قەبرىلەردىن يەنە دېڭىز جۇيخۇا گۈلىسىمان سەدەپتىن ئىشلەنگەن مارجانلار تېپىلغان ، بۇنداق سەدەپلەر پەقەت مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقى جەنۇبى دېڭىز بويلىرىدىلا چىقاتتى . شىنجاڭدىن چىقىدىغان قاشتېشى يىراق قەدىمقى زاماندىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئاپىرىلىپ، پادىشاھ ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ موھىم زىننەت بويۇملىرى قىلىنغان ، يىغىلىق دەۋرىدە يېزىلغان «گۈەنزى» دېگەن كىتاپنىڭ بىر مۇنچە يېرىدە قەدىمقى دەۋرىدىكى ئىچكى جايلارنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ «يۈجى قاشتېشىنى بەك قەدىرلەيدىغان» لىقى تىلغا ئېلىنغان . «يۈجى» دېگىنىمىز؛ «ياۋجى» نىڭ باشقىچە تەرجىمە قىلىنىشىدىن ئىبارەت. يىغىلىق دەۋرىدە يېزىلغان يەنە بىر «رەسمىي تارىخقا كىرگۈزۈلمىگەن جۇنامە» دېگەن كىتاپتا، يەكەن ۋە ھونلار ، ياۋچىلار قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىن چىقىدىغان ئاق قاشتاش ، تۆگە ، ئات( ياۋا ئات ) خېچىر قاتارلىقلار بەك داڭلىق دېيىلگەن . ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يىن ، شاڭ دەۋرىدىكى قەبرىلەردىن يەنە كوئىنلۇن تېغىنىڭ شىمالىدىن چىقىدىغان قاشتېشى تېپىلغان. شىيا، جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ مۇزىكىلىرى ۋە ئۇسسۇللىرى كەينى ـ كەينىدىن ئىچكى جايلارغا تارقالغان ، ئىچكى جايلارنىڭ مەدىنىيىتىمۇ شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەن .

ھازىرقى باي ناھىيىسى قىزىل مىڭ ئۆيدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تام رەسىملەردىن چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرىدىكى ئىچكى جايلارنىڭ بالمان ، تىللىق چالغۇ ، قالۇن ، تىزما نەي قاتارلىق چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ، تارىخى يادىكارلىقلار ۋە تارىخى ماتېرىياللار شىيا، شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن زىچ ئىقتىسادى ئالاقىسى ۋە مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇش بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋردە شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلار ئوتتۇرىسىدا سىياسى ئالاقىمۇ بولغان ئىدى . مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمقى زاماندىكى تارىخى ماتېرىياللىرى «مۇتيەنزى تەزكىرىسى».دە، مىلادىدىن ئىلگىرى تەخمىنەن 1000 ـ يىللاردىن 950 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇمۇۋاڭنىڭ غەرپكە ساياھەت قىلغانلىقى ؛ ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى جايلارغا يېتىپ بارغانلىقى ، ئۇنىڭ « غەرپ تەڭرى ئانىسى » قاتارلىق نۇرغۇن قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن

كۆرۈشكەنلىگى ، جۇمۇۋاڭىنىڭ ئاق قاشتېشىدىن ياسالغان زىننەت بويىمى ۋە كۆپلىگەن يىپەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ غەرپ تەڭرى ئانىسى قاتارلىق كىشىلەرگە ھەدىيە قىلغانلىقى ، يول بويىي ھەر قايسى قەبىلىلەرمۇ ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئات ، كالا ، قوي ۋە شاراپ قاتارلىق نەرسىلەرنى سوغا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. تارىخشۇناسلار ئومۇمەن «مۇتىيەنزى تەزكىرىسى» دە بەزى رىۋايەتلەر قوشۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇئەييەن تارىخى چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ıııııııııııııııııııııııııııııııııııı

رىسالىنىڭ بىرىنجى سەھىپىسىدىن ئۈچىنچى سەھىپىسىگىچە بولغان سوئال ۋە ئۇنىڭ جاۋابلىرىدا تۆۋەندىكى 4 مەسىلە سۆزلەنگەن، بۇ مەسىلىلەر :

1 . شىنجاڭ ئەزەلدىن بۇيان چىنىنىڭ زىمىنى مەسىلىسى

2 . غەربى يۇرت مەسىلىسى

3 . ئىقتىسادىي ۋە مەدىنىي مۇناسىۋەتلەر مەسىلىسى

4 . سىياسى مۇناسىۋەتلەر مەسىلىسى

چىنىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياستىگە خىزمەت قىلغۇچى تارىخ ئىسپىكۇلىيانتلىرى، ئاتالمىش «تارىخچىلار» ھەر زامان شەرقى تۈركىستان تارىخى ئۈستىدە توختالغاندا، «شىنجاڭ ئەزەلدىن بېرى چىنىنىڭ زىمىنىدۇر» دەپ يېزىپ كەلمەكتە .

ئەزەل : «باشلانغۇچ بىلىنمىگەن زامان ، باشلانغۇچى بولمىغان ئۆتمۈش زامان دىمەكتۇر».

يۇنان پەلسەپىسىگە كۆرە: زامان يارىتىلغان ئەمەستۇر ، ئۇنىڭ باشلانغۇچى ۋە ئاخىرى يوقتۇر . شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى زامان ئىچىدە ئەزەلدىن ئەبەتكە داۋام قىلار . ( مەيدان لاۋرۇس 4 ــ جىلد. 475 ــ بەت )

## 1 . شىنجاڭ ئەزەلدىن بۇيان چىنىنىڭ زىمىنى مەسىلىسى

شەرقى تۈركىستاننىڭ ئەزەلدىن بېرى چىن زىمىنى ياكى ئەمەسلىگىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، چىن تارىخىدىكى خاندانلارغا قىسقىچە بىر نەزەر تاشلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قولىمىزدىكى تارىخى ۋە ئىنسىكلوپېدىك مەلۇماتلار بويىچە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر دەۋرىنى ئىچىگە ئالغان ھالدىكى چىندە 18 خاندان ( بۇنىڭ ئىچىدە قىتانلار ، جۇرجۇتلەر ، موڭغوللار ، مانجۇلاردىن ئىبارەت چىن بولمىغان مىللەتلەردىن 4 خاندان بار ) ، ئىككى جۇمھۇرىيەت بولۇپ ، بەش مىڭ يىلدىن ئارتۇق بىر تارىخى دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن.

| خاندانلار ئىسمى | سەلتەنەت يىلى |
| --- | --- |
| 1 . بەش ئاقساقلار دەۋزرى | 500 |
| 2 . شيا خاندانلىقى | 431 |
| 3 . شاڭ (يىن ) خاندانلىقى | 642 |
| 4 . جوۋ خاندانلىقى | 771 |
| 5 . چىن خاندانلىقى | 16 |
| 6 . خەن خاندانلىقى | 426 |
| 7 . ئۈچ خاندانلىق | 45 |
| 8 . جىن خاندانلىقى | 155 |
| 9 . جەنۇب ــ شىمال خاندانلىقى | 201 |
| 10 . سۇي خاندانلىقى | 37 |
| 11 . تاڭ خاندانلىقى | 289 |
| 12 . بەش خاندانلىق | 53 |
| 13 . سۇڭ خاندانلىقى | 319 |
| 14 . قىتان خاندانلىقى | 214 |
| 15 . جۇرجۇت خاندانلىقى | 119 |
| 16 . موڭغۇل خانىدانلىقى | 162 |
| 17 . مىڭ خاندانلىقى | 276 |
| 18 . مانجۇر خاندانلىقى | 295 |

19 . چىن جۇمھۇرىيىتى 37

20 . چىن خەلق جۇمھۇرىيىتى 50

يۇقىرىدا بېرىلگەن خاندانلار ۋە سەلتەنەت يىللىرىغا قارايدىغان بولساق : بەش ئاقساقلار دەۋرى ، شىيا خاندانلىقى ، شاڭ (يىن ) خاندانلىقى ، جوۋ خاندانلىقى ۋە چىننى بىرلەشتۈرگەن قىسقا ئۆمۈرلۈك چىن خاندانلىقىدىن ئىبارەت بەش خاندان 2360 يىللىق تارىخنى بېشىدىن كەچۈرگەن . بۇ دەۋردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن بىلەن ئاز — كۆپ تىجارى، مەدەنىي ئالاقىسى باردەك بىلىنسىمۇ ، ھېچ قانداق سىياسىي ئالاقىسى يوقتۇر . چىننى بىرلەشتۈرگەن ۋە چىنگە ئىسمىنى بەرگەن چىن خاندانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى لەنجوۋدىن غەربكە ئۆتمىگەندى.

تۆۋەندە چىن بىلەن تۈركىستان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىمىز :

1 . مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 103 - يىلى خەن خاندانلىقىنىڭ 6 - ئىمپىراتورى ۋۇدى دەۋرىدىن باشلاپ چىنلىقلار كېڭەيمىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، تۈركىستان ئىستىلاسىنى باشلىدى. جاسۇس جاڭچەننى ئىستىقبارات توپلاش ئۈچۈن تۈركىستانغا چىقارغاندىن باشلاپ ، تۈركىستانغا 3 قېتىم چىققان چىنلىقلار ، 3 قېتىم قوغلانغانىدى. 420 يىل سەلتەنەت سۈرگەن خەن خاندانلىقى 70 يىلدىن ئارتۇق بىر زامان تۈركىستان بىلەن ھەپىلەشكەندىن كېيىن، 68 يىللا ئىدارە قىلالىغانىدى.

جاڭ بوۋاڭ ( جاڭ چىيەن ) نىڭ يول ئېچىپ بېرىشى، جاڭ ئەنيۈەننىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى بىلەن، ئىلگىرى - ئاخىر 70 يىلدەك ھەپىلىشىپ، ئاخىرىدا غەربىي يۇرت 68 يىل چىنگە باغلاندى . ( ، چىننىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى ، 29 - بەت. 1936 - يىلى نويابىر چېگرا تەتقىقات ئىنستىتوتى )

بۇ نەقىلدىن قارىغاندا، خەن خاندانلىقى تۈركىستان بىلەن 70 يىلغىچە ھەپىلىشىپ، 68 يىللا ئىدارە قىلغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرت — تۈركىستاندىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلىقىنى كۆرستىدۇ.

2 . غەربىي جىن خاندانلىقى دەۋرىدە ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمى خارىج ، شەرقىي تۈركىستان يېرىم ئەسىرچە جىن خاندانلىقىغا باغلىنىپ ياشىدى.

3 . 16 خانلىقلار دەۋرىدە، چىنلىقلار قۇرغان ئالدىنقى لياڭ خانلىقى ( م. 301 — 376 ) شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي شىمالى قىسمى بولغان ئېپۇرغۇل ( قۇمۇل ) قوچۇ ، ( تۇرپان) لارنىلا 50 يىل قەدەر ئىدارە قىلالىغانىدى .

4 . چىن خاندانلىقلىرى ئىچىدە 38 يىللا سەلتەنەت سۈرگەن قىسقا ئۆمۈرلۈك سۈي خاندانلىقى دەۋرىدە، ئېپۇرغۇل ، لوپنۇر ، چەرچەنلەر بۇ خاندانلىققا باغلانغان بولۇپ ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قالغان كەڭ قىسىملىرى كۆكتۈرك خانلىقى ئىدارىسىدا ئىدى.

5 . 7 — ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چىندا سەلتەنەت سۈرگەن تاڭ خاندانلىقى، شىمالدا شەرقىي كۆكتۈرك خاقانلىقى ، سىر - تاردۇش خاقانلىقىنى ، غەربىي شىمالدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاقانلىقىنى ، غەربىي كۆكتۈرك خاقانلىقىنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋېلىپ ، پامىر تېشىدىكى خانلىقلارنى نۇپۇزى ئاستىغا ئالغان، غەربىدىكى تۇيۇھون ۋە تىبەتلەرنى قارىتىپ ئالدى .

شۇ دەۋردە، 50 مىليون نوپۇسقا ئىگە تاجاۋۇزچى ۋە كېڭەيمىچى تاڭ خاندانلىقى، سىرىق دېڭىزىدىن ھەزەر دېڭىزىغىچە ، بايقال

كۆلىدىن شىمالى ۋېيتنامغىچە بولغان كەڭ بىپايان زېمىنلەرنى بېسىۋالدى ، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ، شەرق ۋە جەنۇبىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىنىڭ ئىگىلىك ھوقوقىغا ئىگە بولىۋالدى . چىن تارىخىدا ئىككىنجى چىن ئىمپېرىيەسىنى قۇردى .

قارلۇق تۈركلىرى قوشۇنى بىلەن ئەرەپ ئىسلام بىرلەشمە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن « تالاس مەيدان ئۇرۇشى » دا ئۈزۈل ـ كېسىل يېڭىلگەن چىن قوشۇنى، مىلادى 751 ـ يىلىدا تۈركىستاندىن چېكىندى . 900 يىلدىن ئارتۇق بىر زامان چىنلىقلار تۈركىستانغا يېقىن كېلەلمىدى.

تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى چىن بىلەن شەرقى تۈركىستان مۇناسىۋىتىدىن قىسقىچە بىر خۇلاسە چىقىرىدىغان بولساق : غەربى كۆكتۈركلەر مۇنقەرز بولغان مىلادىدىن بۇرۇنقى 659 ـ يىلدىن 751 ـ يىلىدىكى تالاس مەيدان ئۇرۇشىدا يېڭىلگەنگە قەدەر، تاڭ خاندانلىقى تۈركىستاننى 92 يىل ئىدارە قىلغاندى.

چىن تارىخىدىكى بەزى پاكىتلار بۇ خۇلاسىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقتادۇر.

(« چىننىڭ غەربى يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دىن )

ئۆكلۈك ـ سۆيگۈن ئىسياندىن كېيىن، تاڭ خاندانلىقىدا ئۈزلۈكسىز ئىچكى پاراكەندىچىلىك ۋە تاشقىرىدىن ھۇجۇملار بولۇپ تۇردى . مەسىلەن : سىرتتىن ئۇيغۇرلار ، تىبەتلەر بېسىپ كىردى . نەنجاۋ ( يۈەننەن) ، ئاننامىلار ئىسيان قىلدى . ئىچ قىسىم ۋىلايەت ( ئايماقلار ) دا بېقىندى ئەللەر باشباشتاقلىق قىلدى . ساراي ـ ھەرەم ئەمەلدارلىرى ( ئاغۋاتلار ) ئوردىدا زوراۋانلىق قىلىشقا باشلىدى . ۋەزىرلەر ئارىسىدا گورۇھۋازلىق كۈچەيدى . ئەل ئىچىدە خۇاڭچاۋ ئىسيان قىلغاندى . خۇاڭچاۋنىڭ سەنگۇنلىرىدىن جۇۋېن تەسلىم بولدى ھەمدە مىلادى 907 ـ يىلى ( لياڭ ) خانلىقى كەيپىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى جۇۋېن تاڭ خانلىقى ئىمپېراتورى جاۋزۇڭنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، ئۆزى ئىمپېراتور بولىۋالدى. بۇ چىن ـ لياڭ خاندانلىقى دېيىلدى .

تۇنجى ئىمپېراتور گاۋزۇدىن باشلاپ جاۋزۇڭغىچە 20 نەپەر خاقان 290 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، تاڭ خانلىقى مۇنقەرىز بولدى . جۈملىدىن ئۆكلۈك ـ سۆيگۈن ئىسيانىدىن تاڭ خاندانلىقىنىڭ ئىنقىرازىغىچە 150 يىل بولۇپ ، بۇ زامان ئىچىدە يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىچكى ـ تاشقى ئاپەتلەر ، بوران ـ چاپقۇنلۇق دەۋىردە ئىمپېراتورلۇق ئۆزىنى قوغدىيالمىدى . غەربى يۇرتنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى . غەربى يۇرتتىن ئىبارەت زېمىنىمىز 900 يىلدىن ئارتۇق ياتلارنىڭ قولىدا قالدى . ( چىنچە « چىننىڭ غەربى يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى » 154 ـ بەت )

دېمەك ، خەن خاندانلىقى بىلەن تاڭ خاندانلىقىدىن ئىبارەت نوقۇل چىنلىقلاردىن ھېساپلىنىدىغان ئىككى خانلىقنىڭ تۈركىستاننى ئىدارە قىلغان ۋاقتى كەڭ ھېساپلىغاندا 230 يىل ، تار ھېساپلىغاندا 160 يىلدىن ئىبارەتتۇر .

چىن تارىخىدا كۆرسىتىلگەن 18 خاندان ، ئىككى جۇمھۇرىيەت ئىچىدە قىتان، جۇرجۇت، موڭغۇل ، مانجۇلاردىن ئىبارەت 790 يىل چىندە ھۆكۈمران بولغان غەيرى چىنلىقلاردىن 4 خاندان بار .

چىنلىقلار بۇ 4 خاندانىنى ئۆز تارىخىغا كىرگۈزىۋېلىپ، چىن تارىخىنى پۈتۈنلەشتۈرگەن . ئەمەلىيەتتە قىتانلار شىمالىي چىننى ، جۇرجۇتلار شىمالىي سۇڭ خاندانلىقىنى ؛ موڭغۇللار ۋەمانجۇلار پۈتۈن چىننى بېسىۋېلىپ ئىدارە قىلغاندى . ئەگەر بۇ 4 خاندانلىقنىڭ 790 يىللىق

سەلتەنىتىنى چىن تارىخىدىن چىقىرىدىغان بولسا ، ئۈزۈلۈپ قالىدۇ .

قالدىكى، چىن جۇمھۇرىيىتى ( گومىنداڭ ھاكىمىيتى ) بۇ دەۋردە شەرقى تۈركىستاندا قومۇل ئىنقىلابى ، جەنۇبى شەرقى تۈركىستان قوزغىلىڭى ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بولدى، بىر نەچچە يىل شەرقى تۈركىستان چىن ئىدارىسىدا بولمىدى . گومىنداڭ دەۋرى 37 يىل بولسىمۇ ، بونىڭ 30 يىلى ۋە چىن كوممۇنىسلىرى ھاكىمىيتىنىڭ 50 يىل ئىدارىسىنى قوشقاندا 80 يىل بولىدۇ .

خۇلاسە قىلىدىغان بولساق، چىنلىقلارنىڭ بىزنى ئەملى ئىدارە قىلغان ۋاقتلىرى :

| | |
|---|---|
| خەن خاندانلىقى دەۋر ىدە | 138 |
| غەربى جىن خاندانلىقى دەۋرىدە | 50 |
| تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدە | 92 |
| گومىنداڭ دەۋرىدە | 30 |
| كوممۇنىست چىن دەۋرىدە | 50 |
| جەمئى : 360 يىل | |

5038 يىللىق چىن تارىخىدىن 360 يىلنى چىقىرىۋەتسەك، 4678 يىل بىز چىن ئىدارىسىنىڭ تېشىدا ياشىدۇق . بۇ مەلۇماتتىن قارىغاندا چىنلىقلار ، « شىنجاڭ ئەزەلدىن بۇيان چىن زىمنى » دىگەن سۆزى ئاساسسىز ، يالغان — ياۋىداق سەپسەتىدىن ئىبارەتتۇر ، خالاس . بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى : 16 خانلىقلار دەۋرىدىكى ئالدىنقى لياڭ خانلىقى ، سۇي خانلىقى دەۋرىدە، ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىدىكى قىسمەن يەرلىرىمىز بۇ ئىككى خاندان ئىدارىسىدا 88 يىلچە قالغاندى . لېكىن قىسمەن يەرلەر بولغاچقا، ئۇمۇمى ھساب ئىچىگە كىرگۈزۈلمىدى .

## 2 . غەربى يۇرت مەسلىسى

### غەربى يۇرت

« غەربى يۇرت » ئاتالمىسى دەسلەپتە مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 — ئەسىردە ئالدىنقى ( غەربى ) خەن خاندانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققاندى . چىنىنىڭ « 24 تارىخ » دەپ ئاتالغان چىن ئومۇمي تارىخىنىڭ ئىككىنچىسى « خەننامە » نىڭ 96 — جىلدىدە « غەربى يۇرت تەزكىرىسى » دەپ ئالاھىدە بىر مونوگرافىيە يېزىلغان .

چىنىنىڭ غەرب قىسمىدىكى رايونلارنى چىنلىقلار « غەربى يۇرت » دەپ ئاتىشاتتى . چىن تارىخىدا « غەربى يۇرت » نىڭ ئېنىق چېگرىسىنى يېزىش قىيىن . دەۋرىگە ، جۇغراپىيەسىگە ، ھەربى سياسىي تاجاۋۇز كۈچىگە ، ئەلچىلىرى ، راھىپلىرى ، سودىگەرلىرىنىڭ قەدىمى يەتكەنلا يەرلەرنىڭ يىراق — يېقىنلىقىغا قاراپ چىنلىقلار كەڭ مەنىدىكى ۋە تار مەنىدىكى پەرىقلىق « غەربى يۇرت » ناملىرىنى قوللانغانىدى . قاشقۇۋۇقنىڭ غەربى ، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى رايونلار غەربى يۇرتتۇر . كېيىنلىكلەرچە پامىر غەربىدىكى ئەللەر « غەربى يۇرتتۇر »

چىن سەددىچىنىنىڭ غەربى قىسمى تېشىدىكى شەرقى تۈركىستاندا خىيلى پۈتۈن تۈركىستان ، شىمالى ھىندىستان ، ئىران ئىگىزلىگى، ئەرەبىستان ، كىچىك ئاسىيا ، شەرقىي ۋە ئوتتۇرا ياۋروپا كەڭ مەنىدىكى غەربى يۇرتتۇر .

تاجاۋۇزچىلىقنى كېڭەيتكەن خەن ، تاڭ ، موڭغۇل ، مانجۇر خاندانلىقلىرىنى ئالايلى :

خەن خاندانلىقى دەۋرىدىكى غەربى يۇرت كەڭ - تار ئىككى مەنىدە قوللىنىلاتتى . تار مەنىدىكى غەربى يۇرت، يالغۇز تەڭرى تېغىنىڭ

جەنۇبى ( جەنۇبى شەرقى تۈركىستان ) بولۇپ، كەڭ مەنىدىكى غەربى يۇرت تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇپ شىمالى ( بۈتۈن شەرقى تۈركىستان ) ۋە ئورتا ئاسىيا رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . ھىندىستان ، ئىران ، ئەرەبىستان ، شەرقى ياۋروپا رايونلىرى بولسا چىن ئەلچىلىرىنىڭ ، راھىپلىرىنىڭ ، سودىگەرلىرىنىڭ كۆپ بېرىپ كېلىدىغان يەرلىرى ئىدى .

تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى غەربى يۇرت، خەن خاندانلىقى دەۋرىدىكى غەربى يۇرت بىلەن ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، تاڭ خاندانلىقىنىڭ ھەربى ۋە سىياسى تاجاۋۇزى خەن خاندانلىقى دەۋرىگە قارىغاندا كېڭەيگەنىدى .

موڭغۇل خانلىقلىرىنىڭ ھەربى كۈچى خەن، تاڭ ئىككى خاندانلىقتىن كۈچلۈك بولغاچقا ، تاجاۋۇزىنى يىراقلارغا كېڭەيتىپ ئىران ، ئەرەبىستان ، روسىيە ، بولشا ، ماجارىستانلارغىچە بولغان كەڭ يەرلەرنى ئالغانىدى.

مانجۇ خاندانلىقى بولسا شەرقى تۈركىستاننى ئىشغال قىلدى ، سىياسى نوپوسى ئورتا ئاسىيا ۋە بەدەخشانلارغىچە يېتىپ باردى .

« غەربى يۇرت » چىن تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تارىيىشىغا قاراپ تەرىپلەنگەچكە ، ئۇ ،كەم ـــ كۈتىسىز بىر تاجاۋۇزچىلىق ، ئىمپىريالىستىك خارەكتىرگە ئىگە ئىسىمدۇر . چۈنكى ئۇ چىننىڭ كېڭەيمىچىلىك ، تاجاۋۇزچىلىق ، مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر .

چىن كۈچىيىپ غەرپ تەرەپكە كېڭەيگەنسىرى ، مۇستەملىكىسىنى كۆپەيتكەنسىرى ، ئۇ كەڭ مەنىدىكى « غەربى يۇرت » بولسا ، چىن ئاجىزلىشىپ غەربى يۇرتتىن قوغلانغانسىرى « غەربى يۇرت نامىنى ئالاتتى. ئۇ بىر تاجاۋۇزچىلىق ، ئىلاستىك نام بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ چېگرىسىنى بېكىتىش قىيىن بولۇپ قالغانىدى.

« شىنجاڭ » ـ يالغۇز شەرقى تۈركىستان بىلەن چەكلەنگەن بولسا ، غەربى يۇرتنىڭ چېگرىسى يوقتۇر . بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، « شىنجاڭ » چېگرىلىقتۇر ، « غەربى يۇرت » چېگرىسىزدۇر . دېمەك ، « غەربى يۇرت » ، چىن ھەربى ، ئىقتىسادى ، سىياسى قۇدرىتىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن، موڭغۇل ئىمپىراتورلىغى دەۋرىدىكى « كەڭ غەربى يۇرت » نى ئەسلىگىچە كەلتۈرۈش ئىمكانىيتىنى تۇغدۇرىدۇ. بۇنداق كەڭ مەنىدىكى « غەربى يۇرت » نى قايتا تىكلەش چۈشىنى كۆرىئۇاتقانلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. بىرىنچى سەپتىكى ئورتا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بۇنىڭغا دىققەت قىلىشلىرى ۋە ھوشيار بولۇشلىرى ، قارشى تەدبىر ئېلىشلىرى لازىمدۇر .

«چىن تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان يەرلىك خەلق غەربى يۇرت » ئاتالمىسى چىننىڭ تاجاۋۇزى ۋە كېڭەيمىچىلىگىدىن كېلىپ چىققان سىياسى ، جۇغراپيى ئىسىم بولغانلىغى ئۈچۈن، چىننىڭ غەربىدىكى چىن تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان يەرلىك خەلق بۇ ئىسىمنى ھېچبىر زامان قوبۇل قىلمىدى . چىنلىقلەر شەرقتىن كېلىپ بىزگە تاجاۋۇز قىلدى ، بىز ئۇلارنىڭ غەربىدە بولغىنىمىز ئۈچۈن، « غەربى يۇرت » دەپ ئاتىشىپتۇ : بىز شەرقى تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ جۇغراپيەدە ياشاۋاتساق ، بىز ئۆز ــ ئۆزىمىزگە قانداق قىلىپ « غەربى يۇرت » بولىمىز؟ چىنلىقلار بىزنىڭ شەرقىمىزدە، بىز ئۇلارغا « شەرقى يۇرت » دېمىدۇقمۇ؟ ئەگەر بىز چىنلىقلارغا « شەرقى يۇرت » دەپ ئات قويساق ، ئۇلار قوبۇل قىلارمۇ؟

www.uyghurkitap.com



چەندىن باشقا ھون ( تۈرك ) لار ، ھىندىلەر ، بىرىسلەر ، ئەرەپلەر ىزانىسلاردىمۇ بۇ ئىسمىنىڭ قوللانغانلىقى مەلۇم ئەمەس ، مۆتىبەر ئېنسكلوپېدىيەلەردىن « ئانابرىتارىكا » ۋە مەيدان لاۋرۇس » ئېنسكلوكپېدىيلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆردۇم . « ئانابرىتارىكا » دا، غەرپ سۆزى بىلەن سۈپەتلەنگەن ( ئېنىقلانغان) 71 ئاتالما بار ئىكەن ، ئەمما « غەربى يۇرت » يوق، « مەيدان لاۋرۇس » ئېنسكوپېدىيەسىدىمۇ بۇ ئىسىم يوق . دېمەك بۇ ئاتالما چىڭگىلا خاس تارىخىي ، تاجاۋۇزى خارەكتىرلىك ئاتالمادۇر .

ئۇيغۇر تۈركلىرى ئۆز تارىخىنىڭ تۈرلۈك دەۋرلىرىدە ساكلار ( تۇران ) دەۋلىتى ، ھۇن ئىمپىراتورلىقى ، كۆكتۈرك قاغانلىقى ، ئۇيغۇر دەۋلىتى ، قاراخانىلار دەۋلىتى ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ، چاغاتاي خانلىقى ، سەئىدىيە ( يەكەن ) خانلىقى ، خوجىلار ھاكىمىيىتى ، يەتتە شەھەر خانلىقى ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى ..... كەبى ئاتالار بىلەن داۋام ئەتتۇرۇپ كەلدى .

دېمەك ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھېچبىر زامان « غەربى يۇرت » نامىنى قوبۇل قىلمىدى، بۇ ئاتنى قوللانمىدى . بۇ ئاتقا دۈشمنانە قارىدى . « غەربى يۇرت » نامى « شىنجاڭ » نامىغا ئوخشاشلا تاجاۋۇز خارەكتىردىكى نامدۇر . ، شۇڭا بۇ نام چىن تارىخى كىتاپلىرىدىلا قالدى ، چىن تارىخى مۇزېيىغا ئائىت ئىسىم بولۇپ قالدى ـ خالاس.

## 3 . ئىقتىسادى ۋە مەدىنى مۇناسىۋەتلەر مەسلىسى

رىسالىنىڭ 2 ـ ۋە 3 ـ بەتلىرىنىڭ يېرىمىدا، شەرقى تۈركىستانىنىڭ چىن بىلەن قەدىم زاماندىن باشلاپ زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى بايان قىلىنغان .

شىيا خاندانلىقى ( مىلادىدىن بۇرۇنقى يىگرمە ئىككىنچى ئەسىردە باشلىنىپ، 431 يىل داۋام قىلدى ) دەۋرىدىن تارتىپلا شەرقى تۈركىستان مۇزىكا ، ئۇسسۇل سەنئەتلىرىنىڭ چىنگە كىرگەنلىكى ھەم خاندانلىقى ( م ب 221 ـ 207 يىللار ) دەۋرىدىن بۇرۇنقى چىن مۇزىكا ئالەتلىرىدىن بالىمن ، تىللىق چالغۇ ، قالۇن ، تىزما نەي .. ... كەبى مۇزىكىلارنىڭ چىندىن شەرقى تۈركىستانغا كىرگەنلىكى بايان قىلىنغان .

يەنە ، م . ب . 5 ـ ۋە 3 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق تارىم ئويمانلىقى ، تۇرپان ، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى قەبرىلەردىن چىن تاۋار ـ دۇردۇنلىرى ، بىرونزا ئەينەك چىققان .

لوپنۇر رايۇنىدىكى قەبرىلەردىن چىندە ئىشلەنگەن سەدەپ مارجانلار چىققان .

ئىچكى چىندە ئىلىپ رىبرلغان ئارخىلوگىيەلىك قېزىلمىلاردا م . ب . 22 ـ ئەسىر ۋە م ب . 12 - ئەسىرلەرگە ئائىت قەبرىلەردىن خوتەن قاشتېشى چىققان .

م . ب . 5 ـ ۋە 3 ـ ئەسىرلەر ئارىسىدا يېزىلغان « گۆەنزى » ناملىق كىتاپتا، « چىنلىقلارنىڭ قاشتېشنى قەدىرلەيدىغان » لىقى يېزىلغان ھەم ئەينى دەۋردە يېزىلىپ ، رەسمى تارىخقا كىرگۈزۈلمىگەن « جۇنامە » ئاتلىق ئەسەردە، يەكەن ۋە ھونلار ، ياۋچىلار رايوندىن داڭلىق ئاق قاشتېشى ، تۆگە ، ئات قولان ، قېچىر .... لەر چىقىدۇ » دەپ يېزىلغان .

بۇ قىسقا مەلۇماتلاردىن شەرقى تۈركىستانىڭ چىن بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ۋە مەدىنى مۇناسىۋەتلىرى تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇنلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ . مەلۇمكى، شەرقى تۈركىستانىنىڭ

چىنىنىڭ غەربىدە ، چىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ شەرقىدە ۋە ئۆزئارا قوشنا بولغانلىقىدىن، ئارىدا ئىقتىسادىي ، مەدەنىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىيدۇر . ئۇنىڭ ئۈچۈن چىندە تۈركىستان مەدەنىيىتىنىڭ ۋە ماللىرىنىڭ، تۈركىستاندا چىن مەدەنىيىتى ۋە چىن ماللىرىنىڭ قەدىمىي زامانىغا تەئەللۇق ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن چىقىشى نورمال ئىشتۇر . ئەمما ، بۇنىڭدىن، شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن چىن تۇپرىقى ئىدى، دېگەن خۇلاسە چىقمايدۇ . بۇنداق خۇلاسە چىقىرىش ئىلمگە ، تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەستۇر .

## 4 . سىياسىي مۇناسىۋەتلەر

بۇ ماۋزۇدا نامى زىكىر قىلىنىدىغان جوۋ خانى مۇۋاڭ، جوۋ خاندانلىقىنىڭ 5 ـ خانىدۇر . مىلادىدىن بۇرۇنقى 1001 ـ يىلى تەختكە چىقىپ ، 54 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ ، م . ب . 947 ـ يىلى ئۆلگەن .

چىن تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن بولغان « مۇتيەنزى تەزكىرىسى » دە : « مۇۋاڭنىڭ غەربكە ساياھىتى ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرگە كەلگەنلىكى ، غەرپ خان ئانىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى .... » بايان قىلىنغان . بۇ ۋاقە رىسالىدا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ چىن بىلەن سىياسىي مۇناسىۋىتى قىلىپ كۆرسىتىلگەن . ۋاقتى م . ب . 1000 ـ يىللاردىن 950 ـ يىللار ئارىسى دېيىلگەن .

مۇۋاڭ تەختكە چىققان زامانلاردا جوۋ خاندانلىقىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى چارۋىچى قەبىلىلەردىن بولغان ئىت رۇڭلار ، جوۋ خانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقە ـــ مۇناسىۋەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىپلا قالماي ، جوۋ خاندانلىقىنىڭ چېگرا رايونىغا دائىم ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى . مۇۋاڭ ئىت رۇڭلىرىغا قارشى چوڭ بىر ئەسكىرىي يۈرۈش قىلدى . يېڭىلگەن ئىت رۇڭ قەبىلىلىرىنى تەيۈەن ( ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى بىڭلياڭ ، جىڭ يۈەن ئەتراپلىرى ) گە مەجبۇرىي كۆچەردى .

غەربىي شىمالدىكى ئۇرۇش تۈگىمەستىنلا شەرقتىكى خۇۋەيىلار جوۋ خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى . خۇئەيىلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قەبىلىسى بولغان شۈفاڭلار سېرىق دەريانىڭ بويىغىچە يېتىپ كەلدى .

جۇمۇۋاڭ غەربىي شىمالدىكى ئەسكىرى كۆچىنى شەرققە يۆتكىدى، شۈكاڭلا مەغلۇپ قىلدى . ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە جوۋ خانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ ئاجىزلاشتى . بۇ گۇنكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ يىشيەن ناھىيىسىدىن نەنياڭ لېنىيىسىگە چېكىندى ، ھۇجۇم قىلىشتىن مۇداپىيەگە چۈشۈپ قالدى .

ئىت رۇڭلارنى يېڭگەن مۇۋاڭ، يىراقلارغا ساياھەت قىلدى . « مۇتەيزى تەزكىرىسى » دىكى خاتىرىلەردە : « لويىدىن چىققان مۇۋاڭ سېرىق دەريادىن ئۆتۈپ سەنشى ئىگىزلىكىگە ، يەنمىنگۈەندىن چىقىپ، سۈيۈەنخېتاۋغا كەلدى . يەنە غەرپتە نىڭشا ئارقىلىق خېشى كارىدورىغا كېلىپ ، دۇشۇي دەرياسى تارمىقىنىڭ قارشى ئېقىمىغا يۈرۈپ ، چىلىيەنشەندىن ئاشتى . چىڭخەيدىكى چوڭ كۆل بويىدا غەرپ خان ئانىسى بىلەن كۆرۈشتى . ئاخىرىدا چىڭخەي يايلىقىدىن ئۆتۈپ ، گەنسۇنى ئېلىپ قايتتى ... » دېيىلگەن .

... يەنە مۇۋاڭ قاراكۇنۇ تاغ ( كۇئېنلۇن) غا كېلىپ غەرپ خان ئانىسى چوڭ زىياپەت قىلىپ كۈتتى . 3 يىلدىن كېيىن قايتا كۆرۈشۇشكە ۋەدىلەشتى ... مۇۋاڭ ئەڭ يىراق قاراكۇنۇتاغ ئەتراپىغا باردى ... دېيىلگەن . ( « چىن ئومۇمىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تارىخى » 1 ـ جىلد270 ، 271 ، 272 ، 273، ـ بەتلەر )

بۇ ماۋزۇدا ئىككىنچى مۇناسىۋەتلىك پېرسوناژ « غەرپ خان ئانىسى » دەپ قەيت قىلىنغان . تەرجىمە مۇۋاپىق ئەمەس ، توغرا ئەمەس ، چىنچەدىكى ۋاڭمۇزو گۈلىغى بۇ يەردە خان ، قىرال ، بەگ مەنىسىدە بولۇپ تەڭرى مەنىسىدەئەمەستۇر .

چىن مەتبەلىرىدە « غەرپ خان ئانىسى » تۈرلۈكچە تەسۋىرلىنىدۇ . « تاغۇ ـ دەريالار قامۇسى » دا : ئۇ قاپلان قۇيرۇقلۇق ، بارس چىشلىق ، ئىسقىرتىش ماھىرەسى بىر مەخلۇقتۇر .

« مۇنتەيزى تەزكىرىسى » دە : ئۇ يېقىملىق ، غەزەلخان بىر خانىم سەتەڭدۇر .

« خەن خاندانلىقى خاقانى ۋۇدى ئىچ تەزكىرىسى » دە : 30 ياشلار چامىسىدىكى جاھان گۈزىلى تەڭرىچە قىلىپ كۆرسىتىلگەن ھەمدە ئۈچ مىڭ يىلدا بىر قېتىم پىشىدىغان ئەنجۈر ( يېسى ) شاپتۇلنى خاقان ۋۇدىغا ھەدىيە قىلغانلىقى يېزىلغان .

ئىلاھلار ھەققىدە ئەجىب خاتىرىلەر » دە، ئۇنىڭغا جۈپ قىلىپ ، شەرق خانىدىن ئىبارەت بىر پېرسوناژ ياراتقان . بۇلار يىلدا بىر قېتىم كۆرۈشەرمىش .

« ئامانلىق خاتىرىسى » ناملىق ئەسەردە، شەرق خانى بىلەن غەرپ خان ئانىسى ئايرىم ھالدا ئەركەك ۋە ئايال ئەۋلىيالارنىڭ ئىسمىلىك دەپتىرىنى باشقۇراتتى، دېيىلگەن .

چىنىنىڭ كېيىنكى زامانلاردىكى رومان ، تىياتىرلىرىدا، « ياشما كۆل تىللا ئانىسى » دېيىلىپ ، ئۈچ مىڭ يىلدا بىر قېتىم پىشىدىغان ئەنجۈر ، شاپتۇل بىششىغىدا ئۆتكۈزىلىدىغان مەۋلۇت مەرىكىسىگە ئەۋلىيالار كېلىپ ، تۇغۇم كۈنىنى تەبرىكلىشەتتى، دېيىلگەن . ( « چىنچە نوكيانۇس 3 ـ جىلد 4797 )

جۇۋ خاندانلىقى خانى مۇۋاڭنىڭ سېرىق دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمى بىلەن گەنسۇنىڭ غەربى شىمال قىسمىغا يەرلەشكەن رۇڭ قەبىلىلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقى تارىخى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇندۇر . ئەمما « غەرپ خان ئانىسى » ۋە ئۇنىڭ ھەققىدىكى مەلۇماتلار تارىخى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس . چۈنكى:

1 . ئۈچ مىڭ يىلدا بىر پىشىدىغان ئەنجۈرسىمان ( ھايات ) شاپتۇلى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس ، ھەم بۇنداق شاپتۇل دۇنيادا كۆرۈلگەن ئەمەس .

2 . قاپلان قۇيرۇقلۇق ، بارس چىشلىق ئىنسانسىمان مەخلۇق مەۋجۇت ئەمەس .

3 . قاراڭغۇ ( كۇئىنلۇن ) تاغدا « ياشما كۆل » دەپ كۆل يوق . ئەمما تەڭرى تاغدا تەڭرىكۆل بار .

4 . م .ب . 140 ــ م . ب . 80 ــ يىللاردا ياشىغان خەن خاندانلىقىنىڭ ئالتىنچى ئىمپىراتورى ۋۇدىغا ئۈچ مىڭ يىلدا پىشىدىغان شاپتۇل ھەدىيە قىلغانلىقى يېزىلغان . مەلۇمكى، جۇمۇۋاڭ بىلەن خەن ئىمپىراتورى ۋۇدى ئارىلىقىدا 9 ئەسىرلىك بىر زامان بار . جۇمۇۋاڭغا ئەسىرداش ئاتالمىش غەرپ خان ئانىسى 9 ئەسىردىن كېيىن ئىمپىراتور ۋۇدىغا شاپتۇل ھەدىيە قىلغان ، بۇ يالغان ، سەپسەتە بولماي نىمە ؟ كىم بۇ يالغان ــ ياۋىداقلارغا ئىشىنىدۇ؟ بۇ يالغان ـ ياۋىداق سەپسەتىلەرنى ئويدۇرما سىياسي تارىخلارغا مەتىمىن ئاخۇن بىلەن ۋۇ فۇخۇەنلا ئىشەنسە بولىدۇ .

( داۋامى كېيىنكى سانلىرىدا )

# شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ دائىرىسى ۋە خاراكتېرى

**پەرھات يۈرۈڭقاش**

خۇددى سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان فاشىستىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىشىگە ۋە ھەرساھە خەلقلىرىگە سېلىۋاتقان زۇلمىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى مىللىي ھەرىكەتلىرىنىڭ دائىرىسىمۇ بارغانسېرى كېڭەيدى ۋە پەيدىن - پەي بۇ ھەرىكەتلەر مۇنتىزىملىشىشقا، سىستېمىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى، بۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ئەسلىدىكى مەھەللە ۋە رايون تۈسىنى ئالغان تاردائىرىلىك ھەرىكەتتىن تەرەققى قىلىپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغان ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممىلا بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا يېيىلغان ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بىردىن - بىر ئەنسىرەيدىغىنى - شەرقىي تۈركىستاندا ئومۇمىي بىرمىللىي ئويغىنىشنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ھېچ ئايىغى ئۈزۈلمەي ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان مىللىي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى - دەل بىرمىللىي ئويغىنىشنىڭ بىشارەتلىرى ئىدى.

بىز بۇرۇنقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت 90 - يىللى كىرگەندىن بۇيان تاكى ھازىرغىچە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ئاساسلىق چوڭ سىياسىي ۋەقەلەرگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، شەرقىي تۈركىستاندىكى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ دائىرىسىنىڭ نەقەدەر كەڭ، شەكلىنىڭ نەقەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالايمىز، بولارغا ئۆرنەك سۈپىتىدە، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئۆلگە خاراكتېرلىك چوڭ سىياسىي دېلولار» دەپ قارالغان بىرقانچە سىياسىي ۋەقەنى سىزلەرگە قايتا خاتىرلىتىپ ئۆتمەكچىمەن:

1997 - يىلى 6 - ئايدا «ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي - قانۇن كومىتېتى» بىلەن «ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى» بىرلىكتە، «مىللىي بۆلگۈنچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ تېنچ - ئىتتىپاق ۋە زىيىتىنى قوغدايلى ۋە راۋاجلاندۇرايلى» دېگەن ماۋزۇدا بىر ئىچكى ماتېرىيال بېسىپ چىقىپ كومپارتىيە ئەزالىرىغا تارقاتتى، بۇ تەشۋىقات ماتېرىيالىنىڭ كىرىش سۆزىنىڭ بىرئابزاسىدا ئەينەن شۇنداق دېيىلگەن:

«ھازىرقى مۇرەككەپ خەلقئارا كۈرەشتە، ئۈرۈمچى شەھىرى يەنىلا نۇرغۇنلىغان رىيال ۋە يوشۇرۇن تېنچسىزئامىللارغا دۇچ كەلمەكتە، بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىللىرى: چىگرا سىرتى - ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق

ھەرىكەتلىرى كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىپ، چىگرا ئىچىدىكى قانۇنسىزدىنى ھەرىكەتلەرئەۋج ئالماقتا. ئەكسىلئىنقىلاۋى تەشكىلات تەرىپىدىن پىلانلىنىپ يولغا قويۇلغان 1992 - يىلدىكى «5 - فېۋرال» پارتلىتىش ۋەقەسى يۈزبەرگەندىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلەرئاساسلىق جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىدىن بۇۋاستە پارتلىتىش، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق قاتارلىق ئۇسۇللاربىلەن تېررورلۇق - زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە ئۆتۈپ، جىنايى ئىشلارجىنايىتى بىلەن دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايەتنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈپ، جىنايى قىلمىشلىرى ئارقىلىق رەزىل سىياسى مەقسىدىگە يەتمەكچى بولىۋاتىدۇ».

بۇسۆزلەردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى جامائەت پىكرىنى ئاساس قىلغان تېنچلىق شەكىلدىكى ھەرىكەتتىن تەرەققى قىلىپ قوراللىق ھەرىكەتكە ئايلانغانلىقىنى ۋە تېنچلىق شەكىلدىكى كۈرەش بىلەن قوراللىق ھەرىكەتنىڭ ئۆزئارا بىرلەشكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ ھەتتا خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئۆزئاغزى بىلەن ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. خىتاي ھۆكۈمىتى بېسىپ تارقاتقان بۇ مەخپىي ئىچكى ماتىريالغا، «ئۆلگە خارەكتىرلىك چوڭ سىياسى دېلولار» دەپ قارىغان 6 چوڭ سىياسى ۋەقە ئۆرنەك قىلىپ كىرگۈزگەن، بۇلار، «5 - فېۋرال» پارتلىتىش دېلوسى، «تولۇنتاي يەتتە يۈلتۇزدېلوسى»، «مەمتىمىن روزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى تەشۋىقات، قۇتراتقۇلۇق دېلوسى»، «13 - فېۋرال پارتلىتىش دېلوسى»، «ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھارۇنخان ھاجىنىڭ قەستكە ئۇچراش دېلوسى» ۋە «25 - فېۋرال ئاپتوبۇس پارتلىتىش دېلوسى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

سىزلەرگە مەلۇم بولسا كېرەك، خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا خىتايغا قارشى يۈزبەرگەن سىياسى ۋەقەلەرنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىن ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىدىن يوشۇرۇش سىياستىنى قوللىنىپ كەلگەن ئىدى، چۈنكى ئۇلار بۇھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ ھەم ھەرقىي تۈركىستان خەلقىدە ئومومى يۈزلۈك بىرمىللىي ئويغىنىش پەيدا قىلىشىدىن، ھەم دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا سىياسى ئابرويىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى، ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى بۇخىل ھەرىكەتلەرنىڭ قىسمەنلىكتىن ئومۇملىققا ئايلىنىشى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ بۇۋاستە دىققىتىنى قوزغايدىغان ھالغا كېلىشى - خىتاي ھۆكۈمىتىنى يوشۇرۇش سىياستىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرقىلدى ھەمدە ۋەقەنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ ئاشكىلىتىش سىياستىنى قوللىنىشقا باشلىدى، خىتاينىڭ يۇقارقى ئىچكى ماتىريالىنى بېسىپ تارقىتىشىدىكى سەۋەپ ماناشۇنىڭدىن ئىبارەت، تۆۋەندە ئالدى بىلەن مەن، خىتاينىڭ بۇمەخپىي ئىچكى ماتىريالىدا ئۆرنەك قىلىپ كۆرسىتۈلگەن ئالتە سىياسى دېلونىڭ جەريانىنى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇدېلولارغا بەرگەن باھاسىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن:

### 1 - دېلو. «5 - فېۋرال پارتلىتىش دېلوسى»:

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقارقى ئىچكى

ماتېرىيالدا بايان قىلىنىشىچە، بۇ دېلونىڭ قىسقىچە جەريانى مۇنداق: 1990 - يىلى 10 - ئايدا كۇچا، قاغىلىق ناھىيىسىدىكى دېھقان ئابلىمىت تالىپ، ئۆمەرجان باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ياشلار تەشكىللىنىپ مەخپىي ھالدا «ئىسلام ئىسلاھاتچىللىرى پارتىيىسى» نى قۇرغان، شۇيىلى بۇ تەشكىلات پاش بولۇپ قېلىپ تەشكىلاتنىڭ بىرقىسىم ئەزالىرى ختاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، ئەمما بەختكە يارىشا تەشكىلات رەھبەرلىرىدىن ئابلىمىت تالىپ، ئىدرىسخان ئۆمەرلەر قېچىپ قۇرتۇلغان، ئۇلار قالدۇق ئەزالىرىنى تەشلىللەپ، ئەزا تەرەققى قىلدۇرۇپ، خادىم تەربىيىلەپ، قورال - ياراق سېتىۋېلىپ، خىتايغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا جىددى تەييارلىق قىلغان. 1991 - يىلى 2 - ئايدا ئابلىمىت تالىپ ۋە ئىدرىسخان ئۆمەرنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا تەشكىلات ئەزاسى مەمەت يۇنۇس كۇچارناھىيىسىدىكى ئاساسلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىتاي خادىملىرى كىرىپ - چىقىدىغان ناھىيىلىك قاتناش - ترانسپورت بېكىتى سىنئالغۇ زالىغا سائەتلىك بومبا يەرلەشتۈرگەن، بۇ سائەتلىك بومبا دەل ۋاختىدا پارتلاپ، نەق مەيداندا بىرختاي ئۆلۈپ، ئون نەچچە ختاي يارىلانغان. شۇيىلى 11 - ئايدا ئابلىمىت تالىپ ۋە ئىدرىسخان ئۆمەرتەشكىلاتقا ئىقتىسات توپلاش ئۈچۈن تەشكىلات ئەزالىرىدىن مەمەت يۇنۇس ۋە خېلىل ئېلىلاربىلەن بىرگە قوراللىق ھالدا شايارناھىيىلىك يېزائىگىلىك بانكىسىدىن 500 مىڭيۈەننى بۇلاپ قاچقان. 1992 - يىلى 1 - ئايدا ئابلىمىت تالىپ ۋە ئىدرىسخان ئۆمەرلەر ختاي كۆچمەنلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرىشىنى توسۇش مەقسىدىدە، باھارباپىرىمدا ئۈرۈمچىدە چوڭ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى پىلانلىغان، ئۇلار ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئابلىمىت تالىپنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا تەشكىلاتنىڭ بەش نەپەرئەزاسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچىدىكى 52 - يول ۋە 30 - يول ئاپتوبۇسىغا، ئۈرۈمچى ئاممۆۋى تىياتىرخانىسىنىڭ سىنئالغۇ زالىدىكى ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا ۋە ئۈرۈمچى مەدەنىيەت يولى 5 - كوچىدىكى خىتايلار ئولتۇرۇشلۇق ئائىلىلىكلەرقوراسىنىڭ بالكونىغا سائەتلىك بومبا يەرلەشتۈرۈپ، شۇكۈنىلا ئۈرۈمچىدىن ئايرىلغان. شۇكۈنى بېيجىڭ ۋاختى سائەت 21 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە 52 - ۋە 30 - يول ئاپتوبۇسلىرى ئوخشاش ۋاقىتتا پارتلاپ، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا 52 - يول ئاپتابۇسدىكى پارتلاشتا نەقمەيداندا ئۈچ كىشى ئۆلگەن، تۆت كىشى ئېغىر يارىلانغان، ئون نەچچە كىشى يېنىك يارىلانغان، 32 - يول ئاپتوبۇسدىكى پارتلاشتا ئاپتوبۇستا يولوچى بولمىغنى ئۈچۈن، ئىككى ئاپتوبۇس خادىمى يارىلانغان، ئاممۆۋى تىياتىرخانىدىكى سىنئالغۇ زالىغا ۋە ئائىلىلىكلەربىناسىنىڭ بالكونىغا يەرلەشتۈرۈلگەن بومبىلارنىڭ سىم يولى ئۈزۈلگەچكە پارتلىمىغان. بۇپارتلاش ۋەقەلىرىدىن كېيىن، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ختاي پۇخرالىرىنى قاتتىق ۋەھىمە باسقان ۋە بىرمەزگىل ختايلارئارىسىدا يۇرتىغا قېچىش دولقۇنى قوزغالغان. ئەپسۇسكى، 1993 - يىلى «ئىسلام ئىسلاھاتچىللىرى پارتىيىسى» پاش بولۇپ قېلىپ، تەشكىلات رەھبىرى ئابلىمىت تالىپ باشچىلىقىدىكى 12 مۇجاھىت ختاي ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان قۇراللىق ئۇرۇشتا ئېغىر يارىلىنىپ قولغا چۈشتى، كۆپلىگەن تەشكىلات ئەزالىرى تىبەت چېگرىسىدا يۇزبەرگەن قانلىق جەڭدە نەقمەيداندا شېھىت بولغان. 1993 -

www.uyghurkitap.com



يىلى 6 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى يېپىق سوت ئېچىپ، ئابلىمىت تالىپ باشچىلىقىدىكى 12 مۇجاھىتقا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى ۋە بۇ مۇجاھىتلار 1995 - يىلى 5 - ئايدا خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن شېھىت قىلىندى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقارقى ئىچكى ماتېرىيالدا بۆپارتىلىتىش دېلوسى ھەققىدە مۇنداق دەپ ئېزاھلانغان: «ئەمىلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئابلىمىت تالىپ باشچىلىقىدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ زوراۋانلىق، تېرورلۇق ھەرىكىتى ئادەتتىكى جەمىيەت ئامانلىقىنى پاراكەندە قىلىش ئەمەس، ئۇلارنىڭ جىنايى ھەرىكىتى ئەسەبىلىكتىن كېلىپ چىققان بولماستىن، بەلكى تەشكىللىك، پىلانلىق، قەدەمباسقۇچلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىلغان، دەرۋەقە ئۇلار ئازبىر قىسىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت».

دېمەك خىتاي ھۆكۈمىتى بۇسۆزلىرى ئارقىلىق، «ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيىسى» نىڭ ئېلىپ بارغان ھەركىتىنىڭ بىرسىياسى غايىنى مەقسەت قىلغان تەشكىللىك، مۇنتىزىم بىر مىللىي كۆرەش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

## 2 - دېلو - «تولۇنئاي يەتتە يۇلتۇز دېلوسى»:

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ماتېرىيالدا بايان قىلىنىشىچە بۇدېلونىڭ قىسقىچە جەريانى مۇنداق: 1994 - يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچى كومۇركان مەكتىپىنىڭ 1 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى لوپنۇرلۇق 20 ياشلىق مەمەت راشىدىن ئۆز سىنىپىدىكى ساۋاقدىشى چەرچەنلىك ر ياشتىكى تۇردى قاسىم بىلەن بىرگە مەخپى ھالدا خىتايغا قارشى مەخپى تەشكىلات قۇرۇشنى مەسلىھەتلەشكەن ۋە ئۇلار ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىپ، 1995 - يىلى 4 - ئايدا ئۆز مەكتىۋىدىكى يەنە بىر قانچىلىغان ساۋاغدىشىنى ئەزالىققا تەرەققى قىلدۇرۇپ، رەسمى ھالدا تەشكىلات قۇرغان ۋە تەشكىلاتنىڭ نامىنى «ئاق تۇرنا» تەشكىلاتى دەپ ئاتىغان، تەشكىلاتنىڭ نامى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇلار تەشكىلاتنىڭ بايرىقىنىڭ شەكلىنى لاھىيىلىگەن، بايراق رەڭگى كۆك رەڭدە بولۇپ، ئۈستىگە سېرىق ھىلال ئاي تۇتۇپ، ھىلال ئاينىڭ ئەتراپىغا يەتتە يۇلتۇز چەمبەرشەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تولۇن ئاي تەشكىلاتنىڭ باش شتابىنى، يەتتە يۇلتۇزبولسا ئۇنىڭ تارماق ئەترەتلىرىنى سىمۋۇل قىلغان، شۇڭا ئۇلار تەشكىلاتنىڭ يەنەبىرنامىنى «تولۇنئاي يەتتە يۇلتۇز تەشكىلاتى» دەپمۇئاتىغان. تەشكىلات رەسمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەشكىلات ئەزالىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن بىرىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئىلگىرى - ئاخىرى 12 قېتىم مەخپى يىغىلىش ئۆتكۈزگەن، تەشكىلات رەئىسى مەمەت راشىدىن دەرىستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ مەكتىۋىدە مەخپى يىغىن ئېچىپ سەپەرۋەرلىك قىلىپلا قالماي، يەنە باشقا تايانچ ئەزالىرى بىلەن بىرگە مەكتەپ ئاتلاپ ئالاقە قىلغان، يەنە تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۆز يۇرتىدا تەشكىلاتقا كەڭ كۆلەمدە ئەزا تەرەققى قىلدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەمەت راشىدىن «موسۇلمانلار خىتاپنامىسى» ۋە تەشكىلاتنىڭ پىروگراممىسى قاتارلىق خىتاي ھاكىمىيىتىگە ۋە مۇستەملىكچىلىككە قارشى ئون نەچچە تۈرلۈك تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى يېزىپ تەييارلاپ، ئۇنى

«يەتتە يۇلتۇز تەشكىلاتى» نىڭ نامىدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەمدە مەخپىي ھالدا تارقاتقان. ئۇندىن باشقا يەنە «مۇسۇلمانلار ھەرىكەتلىنەيلى، شىنجاڭنى مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى»، «شىنجاڭ مۇستەقىل بولمايدىكەن، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ چىقىش يولى يوق» دېگەن مەزمۇنلاردىكى شوئارلارنى بېسىپ تارقىتىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنى خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى كەڭ كۆلەمدە كۆرەش قىلىشقا چاقىرغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا ئىنتايىن زور سىياسى تەسىر قوزغاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ئالاقزادە قىلىۋەتكەن. تەشكىلات ئۇرگىنى «ئاقتۇرنا تەشكىلاتىنىڭ ھەرىكەت پىلانى»، «ئاقتۇرنا تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي جەھەتتە قوراللىنىش پىلانى» قاتارلىق ھەرىكەت پىروگراممىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، بۇ پىلانلارنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان: بىرىنچى باسقۇچ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇش باسقۇچى، ئىككىنچى باسقۇچ تەشكىلاتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش باسقۇچى، ئۈچىنچى باسقۇچ «قارابوران باسقۇچى»، يەنى ئۇلار 1996 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچى ۋە كورلىدا بىردەك ھەرىكەت قوللىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننى تېنچلىق يولى بىلەن ئازات قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن كەڭ - كۆلەملىك نامايىش قىلىش، ئەگەر بۇ ھەرىكەت ئۈنۈم بەرمىسە، 1997 - يىلى خىتاينىڭ شاڭگاڭنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ھارپىسىدا كەڭ كۆلەمدە قوراللىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى پىلانلىغان. ئەپسۇسكى بۇ تەشكىلات 1995 - يىلى 11 - ئايدا بەختكە قارشى پاش بولۇپ قېلىپ، تەشكىلات رەئىسى مەمەت راشىدىن باشچىلىقىدىكى كۆپ ساندىكى تەشكىلات ئەزالىرى قولغا ئېلىنغان ۋە ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ۋە مۇددەتلىك قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقارقى ئىچكى ماتېرىيالىدا بۇ دىلوغا ئىزاھات بېرىلىپ ئەينەن مۇنداق دېيىلگەن: «ئاق تۇرنا تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدەك جىددىي رېئاللىق بىزنى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرىدۇكى، مەكتەپ «سوتسىيالىستىك تۆتكە ئىگە» يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەيدىغان موھىم ئىدىيىۋى ھەرىكەت بازىسى، بىز بۇ بازىنى ئىگەللىمىسەك، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىزدىنى ھەرىكەتلەر يوچۇق ئىزدەپ كىرىپ، خاتا ۋە ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى قاراشتىن پايدىلىنىپ بىز بىلەن ياش ئۆسمۈرلەرنى تالىشىدۇ، ھازىرقى ئوقۇغۇچىلار كەلگۈسىدىكى ھەرقايسى سەپلەرنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرى، كىم ياش - ئۆسمۈرلەرنى قولغا كەلتۈرەلىسە، كەلگۈسىنى شۇ قولغا كەلتۈرىدۇ».

ياشلىرى تېخى 20 دىن ھالقىمىغان بۇ مىللەتپەرۋەر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىدىن بىز، شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى ئىچىدە زور بىر مىللىي ئويغىنىشنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېڭىنىڭ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، شۇنداقلا خۇددى خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەندەك، شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئۈچۈن «قولغا كەلتۈرۈش» نىڭ ئۇقەدەر ئاسان ئەمەسلىكىنى ناھايىتى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

www.uyghurkitap.com



## 3 - دېلو - «مەمتىمىن روزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى تەشۋىقات، قۇترىتقۇلۇق دېلوسى»:

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ماتېرىيالىدا بايان قىلىنىشىچە، بۇ دېلونىڭ قىسقىچە جەريانى مۇنداق: 1990 - يىلى 2 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىشخانا مۇدىرى 51 ياشتىكى مەمتىمىن روزى كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان فاشىستىك، زوراۋانلىق سىياسىتىگە چىداپ تۇرالماي، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە قاراتقان زۇلۇم سىياسەتلىرىنى پاش قىلغان ۋە ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەن مەزمۇندا بىرپارچە دېكلات ھازىرلاپ، ئۇنىڭ بىرنۇسخىسىنى «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم» بىلەن «خەلق ھۆكۈمىتى»گە، يەنە بىرنۇسخىسىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپىغا يوللىغان، مەمتىمىن روزى ئۆزدوكلاتىدا، «شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئىدى، جۇڭگو شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇزقىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى» دېگەن پىكرىنى يۈرەكلىك بىلەن ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان. مەمتىمىن روزىنىڭ بۇ ھەققانى دوكلاتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى قاتتىق ئاللاقزادە بولۇپ، بۇنى «زور سىياسى دېلو» دەپ بېكىتىپ، مەمتىمىن روزىنى دەرھال قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان، ئارقىدىنلا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ئېچىپ، مەمتىمىن روزىنى «ئەكسىلئىنقىلاۋى مەقسەتتە ئەكسىيەتچى مەزمۇندىكى خەتلەرنى ئىۋەتىش ئۇسۇلىنى قوللۇنۇپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك قىلغان ئەكسىلئىنقىلاۋى تەشۋىقات ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان» دېگەن باھانە بىلەن مۇددەتلىك ئىككى يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ، سىياسى ھوقۇقىدىن بىر يىل مەھرۇم قالدۇرۇش جازاسى بەرگەن. ئەمما فاشىست خىتاي ھۆكۈمىتى مەمتىمىن روزى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئۇنى تۈرمىدە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن توختىماي قىيناغاشقا، ئۇ تۈرمىدىن چىقماي تۇرۇپلا روھى كېسەلگە مۇپتىلا بولدى، ئۇ ۋاختى توشۇپ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ يەنە پات - پات قايتا قولغا ئېلىنىپ، قىيىن - قىستاققا ئۇچراپ تۇردى، ھازىرمۇ ھەم مەمتىمىن روزى ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا رەسمى ساراڭ ھالدا خۇددى تىلەمچىدەك ئايلىنىپ يۈرمەكتە.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ماتېرىيالىدا بۇ دېلونىڭ خاراكتېرىگە باھا بېرىلىپ ئەينەن مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ دېلو ئارقىلىق شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بىرلىشىشى جىددىيلەشتۈرۈپ، خەلقئارا جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشتىكى مەقسىدى، جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنى توپلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى» مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق دېكتاتورلۇقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت. مائارىپ خىزمەتچىسى بولغان مەمتىمىن روزى كىشىلەرگە ئۈلگە بولۇشتەك ئەقەللى ئىدىيىۋى پەزىلەت ۋە ئەخلاقتا خىلاپلىق قىلىپ، كۈچىنىڭ

بېرىچە مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلاۋى تەشۋىقات جىنايى ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمىيەتتە ئىنتايىن يامان تەسىرپەيدا قىلغان، شۇڭا بىز مەمتىمىن روزىنىغا ئوخشاش ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئىنجېنېرلىق تونىغا ئورۇنىۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ۋاقتىدا پاش قىلىشىمىز ۋە ئۇلارغا قەتئىي زەربە بېرىشىمىز لازىم».

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەمتىمىن روزىنىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە بۇ دېلوغا بەرگەن باھاسى، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا كىشىلىك ھوقوقنى نەقەدەر ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان فاشىستىك سىياسەتنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنىڭ ئەڭ جانلىق دەلىل - ئىسپاتىدىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى مەمتىمىن روزى ھېچبىر زامان يوشۇرۇن ھالدا «قوتراتقۇلۇق» ياكى «ئەكسىلئىنقىلاۋى تەشۋىقات» بىلەن شۇغۇللانمىغان، بەلكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇنى» دا كۆرسىتىلگەن «بارلىق گەرەژدانلار ئەركىن پىكىر قىلىش ھوقوقىغا ئىگە» دېگەن ماددىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ سىياسى قارىشىنى ئوچۇق ھالدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە بىلدۈرگەن، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى «دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسى» نىڭ روھىغا ئەمەل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاساسى قانۇنىنىمۇ دەپسەندە قىلىپ، ئۆزىنىڭ سىياسى قارىشىنى ئوچۇق - ئاشكارە ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان ئاددىي بىر ئىنسانغا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان. دېمەك بۇنىڭدىن بىز كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ناھايىتى روشەن كۆرۈۋالالايمىز، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق كۈرەشلەر، دەل خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بوزخىل ئۆكتەملىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر، خالاس.

## 4 - دېلو - «13 - فېۋرال پارتلىتىش دېلوسى» :

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقارقى ئىچكى ماتېرىيالدا بايان قىلىنىشىچە، بۇ دېلونىڭ قىسقىچە جەريانى مۇنداق: 1996 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى نەنمىڭ خاكتەگىرى مەسچىتىنىڭ تالىپى 29 ياشتىكى مەمتىمىن ئوبۇلقاسىم ۋە «ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى ئىنستىتوتى» نىڭ 93 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى 21 ياشتىكى مەمەت ئابدۇراخمان مەخپىي ھالدا تەشكىلات قۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىدىدە خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق كۈرەش قىلىشنى قارار قىلغان. ئۇلار ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، 96 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھرى قۇرۇلۇش كوچىسى 8 - نومۇرلۇق قورۇغا جايلاشقان «شىنجاڭ ھەربىي رايون ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى» نىڭ بىناسى بىلەن شۇقورودىكى ئۈرۈمچى بەخت يولى ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىناسىغا ئۆزلىرى ياسىغان سائەتلىك بومبىنى يەرلەشتۈرگەن، شۇ كۈنى سائەت نۆل ئەتراپىدا بومبىلار دەھشەتلىك پارتلاپ، پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرىنى زىل - زىلىگە سېلىۋەتكەن، بۇقېتىمقى پارتلاشتا بىنانىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنلىرى پاچاقلىنىپ، شۇبىنانىڭ ۋە ئەتراپتىكى بىنالارنىڭ دەرىزىللىرى

پۈتۈنلەي چىقىلىپ كەتكەن. بۇقىتىمقى ھەرىكەت ئۈرۈمچىدە يۈزبەرگەن تۈنجى قېتىملىق ھەربى ئورگانغا ۋە ساقچى ئورگىنىغا قوراللىق زەربە بېرىش ۋەقەسى بىرلىگىنى ئۈچۈن، بۇھادىسە كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرىنى قاتتىق ئالاقزادە قىلغان ۋە پۈتۈن ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالغان. ئەپسۇسكى، قاتتىق غالجىرلاشقان خىتاي ھۆكۈمىتى بارلىق ئىمكانلىرىنى ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا كەڭ - كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، مەمتىمىن ئوبۇلقاسىم ۋە مەمەت ئابدۇراخمانلار 1996 - يىلى 7 - ۋە 8 - ئايلاردا بەختكە قارشى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۇتقۇن قىلىنغان ۋە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تارقاتقان ئىچكى ماتېرىيالىدا بۇ ۋەقەگە مۇنداق دەپ ئەسكەرتىش بېرىلگەن: «13 - فېۋرال پارتلىتىش دېلوسى»، 1992 - يىلدىكى «5 - فېۋرال پارتلىتىش دېلوسى» دىن كېيىنكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۈرۈمچىدە ئېلىپ بارغان يەنە بىرقېتىملىق پارتلىتىش دېلوسى، دېلونىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى - مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بىزنىڭ دېكتاتورا ئورگانلىرىمىزنىڭ قاتتىق زەربىسىدە ئۆزلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى توختاتمايلا قالماستىن، زوراۋانلىق ۋە تېرورلۇق ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكىنى يەنە بىرقېتىم تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى، بۇقېتىمقى پارتلىتىش دېلوسىدا گەرچە ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سىياسى تەسىرى ئىنتايىن يامان بولدى، ئۇ، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاستە زىيان سېلىپلا قالماستىن، يەنە ئۈرۈمچىنىڭ، ھەتتا شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئابرويىغا زىيان يەتكۈزدى، ئۈرۈمچى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچكى رايونلار ۋە خەلقئارا بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزدى، ئەگەر بىزبۇمەسلىنى مۇشۇنداق يۈكسەك دەرىجىدە تونىمساق، ھەرجەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ۋاقتىدا كۈچەيتمىسەك، بىزنىڭ مۇقىم ۋەزىيىتىمىز زىيانغا ئۇچراپ، ئۈرۈمچىنىڭ ئەسىرئالمىشىش پەيتىدىكى ئىنتايىن موھىم تەرەققىيات پۇرستىنى قولدىن بېرىپ قويىمىز».

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇباياناتلىرى ئارقىلىق بىز بۇقېتىمقى ھەرىكەتنىڭ نەقەدەرزور سىياسى ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز، ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتى يۇقارقى سۆزلىرى ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندا خىتايغا قارشى مىللىي ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇشتا شۇقەدەرقاتتىق تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما قانلىق باستۇرغانىسرى قارشىلىق كۆرسۈتۈش ھەرىكەتلىرىنىڭ شۇنچە ئەۋج ئالغانلىقىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇربولغان.

### 5 - دېلو - «ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھارۇنخان ھاجىنىڭ قەستكە ئۇچۇراش دېلوسى»:

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىچكى ماتېرىيالىدا بايان قىلىنىشىچە، بۇ دېلونىڭ قىسقىچە جەريانى مۇنداق: 1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن 50 مىنوت ئۆتكەندە، قەشقەرشەھىرى ھەشىمكا كوچىسى ئاھالىلەركومىتېتى 6 - گۇرۇپپا 30 -

نومۇرلۇق قورودا ئولتۇرۇشلۇق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەش» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ رەئىسى، قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھارۇنخان ھاجى ئوغلى ئەمەتجاننىڭ ھەمرالىقىدا ۋېلىسىپتىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ ھېيتگاھ مەسچىتىگە نامازغا ماڭىدۇ، ئۇ ئوغلى بىلەن ئۆيىدىن 40 نەچچە مېتىر مېڭىشىغىلا، تۇيۇقسىز ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياش ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ھارۇنخان ھاجىنىڭ بېشى، دۈمبىسى، ئوڭ، سول پۇتى قاتارلىق جايلىرىغا 21 پىچاق ئۇرىدۇ، ئوغلىنىڭ باش قىسمىغا 13 پىچاق ئۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بالا قانلار ئىچىدە يەرگە يىقىلىدۇ، ئۇلارغا زەربە بەرگەن ياشلار دەرھال نەق مەيداندىن ئايرىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ ياشلار شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا مەخسۇس «مىللىي مۇناپىقلارنى يوقۇتۇش جازا ئەترىتى» نى قۇرغان نۇرمۇھەممەت، سەيپۇللا قاتارلىق ياشلار بولۇپ، ئۇلار دەسلەپكى قەدەمدە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنى ساھەگە قاراتقان زۇلۇم سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا يانتاياق بولۇپ كەلگەن ۋە تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە ھېيتگاھ مەسچىتىنى «مىللەتلەر ئىتپاقلىقى، ئارمىيە ـ خەلق ئىتپاقلىقى ۋە پىلانلىق تۇغۇت» نى تەشۋىق قىلىدىغان ھۆكۈمەت ئورگىنىغا ئايلاندۇرۇۋالغان، جۈمە، ھېيت ـ بايرام نامازلىرىدا جامائەتكە كوممۇنىستىك پارتىينىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ھەققىدە پەندى ـ نەسىھەت قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان ھەمدە بۇ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى تۈپەيلىدىن قەشقەر خەلقى ۋە ھەتتا بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقى تەرىپىدىن ئەڭ زور مىللىي مۇناپىقلارنىڭ بىرى دەپ قارىلىپ كەلگەن ھارۇنخان ھاجىنى يوقۇتۇشنى پىلانلاپ، بۇقېتىمقى ھەرىكەتنى ئىشقا ئاشۇرغان ئىدى. ئۇلار ھەرىكەتنى ئورۇنداپ بولۇپ دەرھال يېكسارناھىيىسىگە تۇتىشىدىغان چۆل ـ دەشتى ـ باياۋانغا قاراپ قاچىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، «شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى» نىڭ نازىرى دەرھال قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، مەخسۇس «جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش قوماندانلىق شتاۋى» نى قۇرۇپ چىقىپ، 600 دىن ئارتۇق ساقچى ۋە ژاندارما، 10 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئەسكىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۈچ نەپەر مۇجاھىتنىڭ ئارقىدىن ئىز سۈرۈپ قوغلايدۇ، قوغلاش جەريانىدا نۇرمۇھەممەت بىلەن سەيپۇللا ئەسكەر ۋە ساقچىلارغا قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، بىرنەپەر ساقچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ، يەنە بىر ساقچىنى ئېتىپ ئېغىر يارىلاندۇرىدۇ، ئەپسۇسكى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قېچىش جەريانىدىكى قوراللىق كۈرەشتە مۇجاھىت نۇرمۇھەممەتكە ئوق تېگىپ شېھىت بولىدۇ، سەيپۇللا ئېغىر يارىدارلىنىپ خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە كېيىن ئۇمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنىدۇ.

گەرچە بۇقېتىمقى كۈرەشتە مۇجاھىتلار شېھىت بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋەقە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى لەرزىگە سېلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان زوراۋان خىتاي ھاكىمىيىتىگە يانتاياق بولۇپ خەلقىمىزگە سانسىزلىغان كۈلپەتلەرنى كەلتۈرگەن ۋە نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ خەلقىمىزنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە، تۈرمىلەرگە ناھەق تاشلىنىشىغا ۋە سانسىزلىغان ئائىلىلەرنىڭ خانىۋەيران بولۇشىغا بىۋاستە سەۋەبچى بولغان كۆپلىگەن مىللىي مۇناپىقلارنى قورقىدىن غال ـ غال تىترىتىپ،

www.uyghurkitap.com



ئۇلارنىڭ خوجايىنى بولغان مۇستەبىت كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنى قاتتىق ئالاقزادە قىلدى.

## 6 - دېلو : « 25 - فېۋرال ئاپتوبۇس پارتىلىتىش دېلوسى» :

خۇددى ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەشھۇر خىتاي مۇستەبىتى دىڭ شياۋپىڭنىڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزىلىۋاتقان پەيتتە، يەنى 1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن بەش بومبا پارتىلاپ، 9 ئادەم نەق مەيداندا ئۆلگەن، 58 ئادەم ئېغىر يارىلانغان ئىدى ۋە بۇقېتىمقى ۋەقە پۈتۈن دۇنيا كۆزىتىۋاتقان دىڭ شياۋپىڭنىڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزىلىۋاتقان ھالقىلىق مەزگىلگە توغرا كەلگەچكە، بۇ ۋەقە بىردىنلا دۇنيا خەۋىرىگە ئايلانغان ۋە خېلى بىرمەزگىلگىچە شەرقىي تۈركىستان بىردىنلا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان نۇختىسىغا ئايلانغان ئىدى، بۇھەقتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا كەڭ دائىرىدە خەۋەربېرىلگىنى ئۈچۈن، بۇيەردە مەن بۇقېتىمقى ۋەقەنىڭ جەريانى ھەققىدە ئارتۇق توختۇلۇپ ئۆتمەيمەن.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ماتېرىيالىدا «ئۆرنەك خاراكتېرلىك دېلولار» دەپ كۆرسىتىلگەن يۇقارقى ئالتە سىياسى ۋەقەنىڭ شەكلى، دائىرىسى ۋە خاراكتېرىدىن بىز، ئۆۋەتتە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا توختىماي داۋام قىلىۋاتقان كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئومومى مىللىي كۈرەشنىڭ شەكلىنى، دائىرىسىنى ۋە خاراكتېرىنى ناھايىتى روشەن كۆرۈۋالالايمىز، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ماتېرىيالىدا يەرئالغان يۇقارقى ئالتە دېلو، پەقەتلا شەرقىي تۈركىستاندا يۈزبەرگەن سىياسى ۋەقەلەرنىڭ ناھايىتى ئازبىرقىسمىدىنلا ئىبارەت، خالاس. يۇقارقى ئالتە ۋەقەدىن يەنە شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي كۈرەشلەر نۇختۇلۇق دىنى ساھەنى مەركەزقىلغان ھالدا پۈتۈن ساھەگە يېيىلغان، كۈرەش شەكلىمۇ بەيدىن - پەي تەرەققى قىلىپ، تېنىچلىق ئۇسولى بىلەن نامايىش قىلىشتىن تېنىچلىق ئۇسولىدىكى قەلەم كۈرىشىگە قەدەر، مىللىي مۇناپىقلارغا زەربە بېرىشتىن تارتىپ پارتىزانلىق تۈسىنى ئالغان قوراللىق كۈرەشكە قەدەر خىلمۇ- خىل تۈسنى ئالغان. ئەمما بىز بۇھەرىكەتلەرنىڭ ئومومى مەقسىدىگە ۋە غايىسىگە نەزەرسالىدىغان بولساق، گەرچە كۈرەش شەكلى خىلمۇ- خىل بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسىنىڭ غايىسى ۋە مەقسىدى بىر، ئۇلارنىڭ ئورتاق قارشى تۇرىدىغىنى مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ چېكىدىن ئاشقان زولمى، ئورتاق غايىسى بولسا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانچە ياشاش ۋە ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

بۇيەردە شۇنۇختىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئەزەلدىن تېنىچلىقنى سۆيۈدىغان، زورلاۋانلىق ۋە تېرورلۇردىن نەپرەت قىلىدىغان خەلق، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خېلى زامانلاردىن بېرى سەۋرى ۋە سۈكۈت قىلىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبى، قانداقتۇر ئۇلارنىڭ زولۇمغا تىزپۈكىدىغان ۋە تەقدىرىگە تەن بېرىدىغان ئاجىزمىللەت بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مانا

( داۋامى 61 - بەتتە )

# شەرقىي تۈركىستاندا دىنىي ئېتىقاد

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر
(تۈركىيە)

شەرقىي تۈركىستاندا ياشىغان خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ، ھەرخىل تۈتېملارغا، شامان، زەردۇشت (ئاتەشپەرەست )، مانىي ، خىرىستىيان، بۇددا قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. ئەسىرلەر داۋاملىشىپ، خەلقىنىڭ ئۆرف - ئادەتلىرىگە قەدەر سىڭىپ كەتكەن بەزى دىنىي قائىدە ياكى ئادەتلەر بۈگۈنكى ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە .

ئەجداتلىرىمىزنىڭ دەسلەپكى چوقۇنۇشى « ئالەم ـ توپراق، سۇ ، ھاۋا!، ئوتتىن ئىبارەت تۆرت ئاناسىردىن تەركىپ تاپقان » لىقتەك رىئاللىق ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تاغنىڭ « تەڭرى تېغى » دەپ ئاتىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇش، ئاسمانغا، كۈنگە، ئايغا، دېڭىزغا، ئوتقا چوقۇنۇشلار ئەنە شۇ ئاساسقا قۇرۇلغان. ئەجداتلىرىمىز ئۇندىن باشقا ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە كۆك بۆرە، بۈغرا، يولۋاس، شىر، ئارقار، تاغ تېكىسى، قارچىغا ، شۇڭقارلارنى تۆتېم قىلغان. شەرقىي تۈركىستاندىن تېپىلغان 3 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بىر ساقال تاغىقىنىڭ سىپىغا ئويۇلغان كۆك بۆرىنىڭ سۈرىتى بىزگە كۆك بۆرە تۆتېمىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

## 1 . ئۇيغۇرلاردا قەدىمقى دىنلار

### زەردۇشت ( ئاتەشپەرەستلىك ) دىنىي :

ئەجداتلىرىمىز قەدىمقى زامانلاردا زەردۇشت دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ئوتقا چوقۇنغان ئىدى. قورقۇنچلۇق تەبىئەت ھادىسىلىرى - چاقماق چېقىنلىرى، يانارتاغ لاۋالىرى ، ئورماندىكى ئوت ئاپەتلىرى قاتارلىقلار شۇنىڭدەك يىمەكلەرنى پىشۇرۇپ يېيىش ئادەتلىرى بىرلىشىپ ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئوتتىن مەدەت تىلەش ئەقىدىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئوت بىلەن ئۇچۇغداش، توي قىلغان قىزنى ئوت گۈلخانىدىن ئايلاندۇرۇش قاتارلىق ئادەتلەر ئاتەشپەرەستلىك دىنىدىن قالغان .

### شامان دىنىي :

ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. « كۆن تەڭرى » ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ خۇداسى ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇرۇشقا ماڭغاندا ئاق بوز ئاتنى قوشۇنىنىڭ ئالدىدا يېتىلەپ ماڭاتتى. بوز ئاتقا زەر ئالتۇندىن جىيەك تۇتۇلغان قىزىل دوخاۋا يوپۇق ئارتىلاتتى. بۇ ئاتقا جەڭ تەڭرىسى سولدى مىنىپ ماڭاتتى. شامان ئەقىدىسىگە كۆرە، پۈتۈن ئالەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان تەڭرى ئاسماننىڭ يوقىرى قەۋىتىدىكى تۆت قات ئالتۇن تاغنىڭ ئۈستىدىكى كۈمۈش سارايدا تۇراتتى. يازما ماتېرىياللاردا شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى داۋامى 2000 يىلدەك داۋاملاشقانلىقى قەيت

قىلىنغان. ئىسرىق سىلىش، پىرىخونلۇق، داخانلىق، بۇۋاقىنىڭ بېشىغا پىچاق قويۇش قاتارلىق ئادەتلەر شامان دىنى ئېتىقادىدىن قالغان.

**مانى دىنى :**

مىلادى 762 - يىلى ئۇيغۇر قاغانى بوگۇقاغان ئۆكلۈك ئىسيانىنى باستۇرۇپ قايتقاندا، لوياڭ شەھرىدىن تۆت نەپەر مانى راھىبىنى بىللە ئېلىپ قايتقان ئىدى ھەمدە شامان دىنىنى تەرك ئېتىپ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار بولسا 4 - ئەسىردىلا مانى دىنىغا كۆچكەن ئىدى. 5 - ئەسىرنىڭ مەھسۇلى بولغان 《مۇقەددەس قەبرە》 ناملىق قەسىدە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يېزىلغان. مانى دىنى 《ياخشىلىق - يامانلىق》، 《يورۇغلۇق - قاراڭغۇلۇق》، 《جەننەت - دوزاق》نى تەشۋىق قىلاتتى. ئوبۇلقاسىم ئەبەيدۇللا 648 - يىلى يازغان 《كىتاب ئەل مىسالىك ۋە ئەل مىمالىك》 ناملىق كىتاۋىدا: 《ئۇيغۇر قاغانى تۇرىدىغان شەھەرنىڭ خەلقى تۆركتۇر. ئوتقا چوقۇنىدىغان مەجۇسىلەر، زىندىك ( مانى ) لار بار. قاغان 12 دەرۋازىلىق چوڭ شەھەردە تۇرىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ》 دەپ خاتىرە قالدۇرغان. يورۇقلۇقنى ئۇلۇغلاش، كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىنى مۇقەددەس بىلىش ئادىتى مانى دىنىدىن قالغان. خىتاي تارىخنامىلىرىدە 《... ھۇن تەڭرىقۇتى ھەر كۈنى ئەتىگەندە يېڭى چىققان قۇياشقا، كەچتە ئايغا چوقۇنىدۇ. ئايغا چوقۇنۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزىلىدۇ》 دەپ خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

**خىرىستىيان - نىستورىيان دىنى :**

مىلادى 1 - ئەسىردە پەلەستىندە دۇنياغا كەلگەن خىرىستىيان دىنى داۋاملىق شەرققە تەس كۆرسەتكەن. 334 - يىلى خوراساندىكى مەرۋە، تۇس دېگەن جايلاردا چېركاۋلار بارلىقى خاتىرىلەنگەن. 6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شەرقى رىم پادىشاسى مائۇرىك بىلەن پارس پادىشاسى خىسراۋ بىرلىشىپ قاراشەھەر يۇلتۇزدىكى ئۇيغۇر قاغانى بەھرام بىلەن سوقۇشقاندا ئەسىر ئېلىپ كونىستانتىپولغا ئېلىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ پېشانىسىدىكى كرېست بەلگىسىگە قاراپ ھەيران قالغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى رىم تارىخچىلىرى خاتىرىلىگەن. ستەين، لىكوكلار مىرەن، خوتەن، باي، تۇرپانلاردىن خىرىستىيان دىنىنىڭ چوڭ مەزھەپلىرىدىن بىرى بولغان نېستورىيان دىنىغا ئائىت رەسىملەر، فىراگمېتلەر، ئىنجىل پارچىلىرى، ئىزوپ مەسەللىرى، كرېست قەبرە تاشلىرىنى تاپقان. خىتايلارنىڭ شىئەن شەھرىدە ساقلىنىۋاتقان 《ماچىن نېستورىيان دىنىنىڭ خىتايغا تارقىلىپ كىرىش خاتىرە تېشى》دا ماچىنلىق ئالوبىن ( خوتەنلىك ئۇيغۇر ) دېگەن كىشىنىڭ 635 - يىلى خىتايغا نېستورىيان دىنىنى تارقاتقانلىقى خاتىرىلەنگەن. 1246 - يىلى موڭغۇل ئوردىسىغا كەلگەن ئىتالىيەلىك كاتولىك دىنى ئەلچىسى : 《... ئۇيغۇرلار خىرىستىيان دىنىنىڭ نېستورىيان مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلاتتى》 دەپ خاتىرە قالدۇرغان. ماركوپولو قەشقەر، يەركەنلەردە نېستورىيان مەزھىپىدىكى خىرىستىيانلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى خاتىرىلىگەن. 1278 - يىلى بېيجىڭدىن مۇقەددەس جاي يېروسالېمغا بارغان ئۇيغۇر بارسائۇما بىلەن ماركوس پەلەستىنگە بارىدىغان يول خېتى ئېلىپ دىنى داھى بىلەن كۆرۈشكەن. 1280 - يىلى ماركوس خىتاي دۆلىتىگە نېستورىيان ئارخ بىشوپى (باش ۋەكىلى

)، بارسا ئۇما چارلاپ يۇرگۈچى باش تەپتىش ۋېزىتۇر گېنېرال قىلىپ تەيىنلەنگەن. 1281 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ماركوس ئىسىملىك بۇ ئۇيغۇر ياش ماناخ نېستورىئان دىنىنىڭ دۇنياۋى داھىسى سايلىنىپ، 36 يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 1287 ـ يىلى ياۋرۇپا تىللىرىنى پىششىق ئىگەللىگەن بارسائۇما پۈتۈن ياۋرۇپا باش ئەلچىسى بولۇپ تەيىنلىنىپ، 1288 ـ يىلى رىمغا بېرىپ پاپا بولۇپ سايلانغان. ئىتالىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە پادىشاھلىرى بىلەن كۆرۈشكەن. بۇ ھەقتە سۈرىيەدە تەزكىرە، ئامېرىكادا مەخسۇس كىتاپ، روسىيەدە تەتقىقات كىتاۋى نەشىر قىلىنغان. چاغاتاي دەۋرىدە ئالمالىقتا نېستورىيان دىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالغان.

### بوددا دىنى :

غەربى ئۇيغۇرلار مىلادى 1 ـ ئەسىردىن باشلاپلا بوددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. 4 ـ ئەسىرلەردە بوددا دىنى ئومۇمىيلىشىپ، خىتايلارغا تارقىتىلىشقا باشلىغان. خوتەن، كۇچار، تۇرپانلار بوددا دىنىنىڭ دۇنياۋى مەركەزلىرىگە ئايلانغان. بۇددىزىم نوملىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بوددا دىنىنىڭ ماخىيانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلاردىن كومراجىۋادەك راھىپ ئالىملار نوملارنى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىپ خىتايلارغا تارقاتقان. يوددا دىنى بىلەن مانى دىنى ئۆزئۈنفچە تەڭ ياكى ئارىلىشىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئۆزئارا تەسىر كۆرسۈتۈپ، بەزى قاراش ـ ئەھكاملىرى سىڭىشىپ كەتكەن. تۇپراق، تاغ، سۇ، بۆرە، شۇڭقار، ئات، بۇغرا، ئارسلانلارغا چوقۇنۇش ئەقىدىلىرى، ياغ پۈرۈتۈش، روھلارغا داسقان سىلىش، جادۇگەرلىك، قەسىدىچىلىك، قان قىلىش، كىسەل كۆچۈرۈش، ئاچلاش، ئوت كۆچۈرۈش، چاچراتقۇ سىلىش، پېرىخونلۇق، كەتمەن بېسىش، پالچىلىق، چۆشكە تەبىر بېرىش قاتارلىق خۇراپى ئادەتلەر ئەنە شۇ قەدىمى دىنلاردىن ھازىرقى دەۋرىمىزگە قەدەر داۋاملىشىپ كىلىۋاتقان ئادەتلەردۇر. ئۇيغۇرلار 10 ـ ئەسىرلەردە بوددا دىنىدىن ئايرىلىشقا باشلىغان بولۇپ، 51 ـ ئەسىرلەرگە قەدەر داۋاملاشقان. بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنى تۆھپىلەرنى ياراتقان.

## 2 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى

### ساتۇق بۇغراخان :

مىلادى 914 ـ يىلى سامانىلار پادىشالىغىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانى خانلىق تەختىدىكى قالايمىقانچىلىقلاردا ئوكۇشسىزلىقتا ئۇچراپ قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن. ئوغۇلچاق قاغان ئۇنى قارشى ئېلىپ ئارتۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان. شۇ كۈنلەردە ئارتۇشتىكى تاقىقا ئوۋغا چىققان شاھزادە ساتۇق بۇغراخان ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمان بولغان. ئۇندىن ئىلگىرىلا قەشقەردىكى بىرقىسىم خەلق يوشۇرۇنچە مۇسۇلغان بولغان ئىدى. 920 ـ يىلى ساتۇق بۇغراخان تاغىسى ئوغۇلچاقنى يېڭىپ شاھلىق تەختىگە چىققان ۋە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلغان. ساتۇق بۇغراخان شاھ يارلىقى بىلەن ھەمدە قانلىق جەڭلەر بىلەن ئەتراپىدىكى بۇددىست ۋە شامان ئۇيغۇرلىرىنى ( يەتتىسۇدىكى ) ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇردى. مىلادى 921 ـ يىلى سامانىلارنىڭ خوراساندا كۆتۈرۈلگەن شىئەلەرنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇشغا

ئەسكەر تارتىپ قاتناشقان ساتۇق بۇغراخان 943 - يىلى ئۇرۇش بىلەن بالاساغۇننى فەتھ قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئالىملىرى قەشقەر بىلەن بالاساغۇنغا توپلىنىشقا باشلىدى. خوتەن، كۇچار ۋە تورپاندىكى بۇددىست قېرىنداشلىرىنى بويسۇندۇرۇش يولىدا ساتۇق بۇغراخان نۇرغۇن قانلىق جەڭلەرنى قىلدى. ئاخىرىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ئۆز تەۋەسىدە بوددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، قەشقەرگە بويسۇنۇش شەرتى بىلەن ئۇرۇش ئاياقلاشقان.

ساتۇق بۇغراخان ئۇيغۇرلار تارىخىدا غازات قىلىپ ئىسلام ئىچىپ ئۇيغۇرلارنى مۇسۇلمان قىلىشتا غايەت زور رول ئوينىدى. ئۇنىڭ نامى قۇتبىدا ئوقۇلغان. ئۇنىڭ نامىغا باستۇرۇلغان پۇلدا «قاراخان ساتۇق بۇغراخان ئابدۇلكەرىم» دەپ يېزىلغان. مىلادى 956 - يىلى ۋاپات بولغان ساتۇق بۇغراخانىنىڭ جەسىدى ئۇستازى ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ يېنىغا - قەشقەر ئارتۇشتىكى ھەزرىتى سۇلتان مازارىغا دەفنە قىلىنغان.

**بۇددىستلارغا قارشى ئۇرۇشلار :**

مىلادى 958 - يىلى ساتۇق بۇغراخانىنىڭ چوڭ ئوغلى بايتاش ئۆلۈپ، ئورنىغا كىچىك ئوغلى تۇڭگا ئىلىگ (سۇلايمان ئارسلانخان) قاغان بولدى. ئۇ 960 - يىلى قوشۇن تارتىپ يەتتە سۇ ۋە تارىم بويىدىكى 200 مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى مۇسۇلمان قىلدى. شۇ يىلى ئىسيان قىلغان خوتەن قاغانىنىڭ ئىسيانىنى باستۇردى. ئىسيانلار ئۈزلۈكسىز داۋام ئەتتى. ئۇرۇشلار 975 - يىلدىن 998 - يىلغا قەدەر 20 يىل داۋاملاشتى.

تۇڭگا ئىلىگ قاغان 965 - يىلىدىلا ئىلى بويلىرىدىكى غۇلجىغا ئالىپ تېكىن باشچىلىقىدىكى قوشۇننى ئەۋەتىپ بۇددىست ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلىپ مۇسۇلمان قىلغان ئىدى.

مىلادى 970 - يىلى تۇڭگا ئىلىگ قاغان ئالىپ تېكىننى ئىدىقۇت قاغانى زېمىنىگە ئاتلاندۇرۇپ، ئاقسۇ، كۇچار، قاراشەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئاخىرىدا قاراخوجىغا ھۇجۇم قىلدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر قاغانى ئارسلان تېكىن بەشبالىققا چېكىندى. بەشبالىققا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان ئالىپ تېكىن ھەل قىلغۇچ جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ئۆلدى، قوشۇنى تار - مار بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر قاغانى ئارسلان تېكىن تاكى قاراشەھەرگە قەدەر بولغان زېمىنلەرنى قايتۇرۇپ ئالدى.

مىلادى 970 - يىلى تۇڭگا ئىلىگ (سۇلايمان ئارسلانخان) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بايتاشنىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان قاغان بولدى. تۇڭگائىلىگنىڭ ئوغلى ھارۇن، ئەلى ئارسلانغا ياردەمچى بولۇپ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى ۋە باشقا بويسۇنمىغان ئۇيغۇرلارنى تەسلىم قىلىپ قاراخانىلارنى تولۇق بىرلىككە كەلتۈردى. ھارۇن بۇغراخان ئەلى ئارسلانخانىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مىلادى 990 - يىلى سامانىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئىسفىجاپنى تارتىۋالدى. ئارقىدىنلا 992 - يىلى يەتتە سۇدىن قوشۇن تارتىپ چىقىپ سامانىلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى ۋە بۇخارانى ئالدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، ھارۇن بۇغراخان كېسەل بىلەن ئۆلدى. جەسىدى قەشقەر بەشكېرەم قاراساقال كەنتىگە دەفنە قىلىندى ۋە قىلىچ بۇغراخان مازارى دەپ ئاتالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، سامانىلار ھۇجۇم قىلىپ بۇخارانى يەنە تارتىۋالدى.

ئەلى ئارسلانخان 998 - يىلى خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە شېھىد بولدى ۋە يېڭىسار بىلەن يېڭىشەھەر ئارىسىدىكى «ئوردام» دېگەن يەرگە دەفنە

قىلىندى. يېڭىشەھەرنىڭ تاربوغۇز كەنتىدىكى مازارىغا بولسا ئۇنىڭ بېشى دەفنە قىلىنغان. يېڭىدىن قاغان بولغان ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ئەھمەت توغانخان 999 -يىلى يۈسۈف قادىرخان باشچىلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى خوتەنگە ماڭغۇزدى. 1000 - يىلى پۈتۈن خوتەن ئەھلى مۇسۇلمان بولۇپ، يۈسۈف قادىرخان خوتەنگە خان بولدى.

996 - يىلى ناسىر ئىلىكخان سامانىلارغا يەنە ھۇجۇم قىلدى، بۇ چاغدا سۇبۇق تېكىن يۈز ئۆرۈپ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىپ سامانىلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە سامانىلار زېمىنىنى بۆلۈشۈۋېلىش ھەققىدە ناسىر ئىلىكخان بىلەن بېتىم تۈزدى. ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىسىدىن بولغان سوبۇق تېكىننىڭ ئوغلى مەھمۇت غەزنەۋى 1000 - يىلى قاراخانىلار دۆلىتى بىلەن غەزنەۋىلەر دۆلىتى ئارىسىدىكى چېگرىنى ئامۇ دەرياسى قىلىپ بەلگىلىدى. مەھمۇت غەزنەۋى قاراخانىلار مەلىكىسى بىلەن ئۆيلەندى. ئۇ شۇ يىلى ھازىرلىق قىلىپ تۇگمەس ئۇرۇشلارنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى. 1001 - يىلى 300 پىلى بار، 42 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بار ھىندىلارنى يېڭىپ پەنجاپ ئۆلكىسىنى پەتىھ قىلدى. 1002 - يىلى سىيىستاننى بېسىۋالدى. 10 - قېتىملىق يۈرۈشىدە گانگ ۋادىسىنى ئالدى، 13 - قېتىملىق يۈرۈشىدە 150 مىڭ كىشىلىك ھىندى قوشۇنىنى تار- مار كەلتۈردى. 16 - قېتىملىق يۈرۈشىدە گوجارات رايونىنى ئىگەللىدى. بىر قېتىملىق ئۇرۇشتىلا 20 مىليون كۈمۈش پۇل، 57 مىڭ چىرايلىق قىز ۋە 350 پىل ئولجا ئالدى. 1015 - يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 100 مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادىگە، پىلى 500 گە يەتكەن.

1017 - يىلى 100 مىڭ كىشىلىك قىتان بۇددىستلىرى قاراخانىلار زېمىنىغە بېسىپ كىرىپ ئالتاي، ئىلى رايونىنى ئاياق - ئاستى قىلدى. قاراخانىلار قاغانى ئەھمەت توغانخان بالاساغۇندىن ھۇجۇم قىلىپ قىتان ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ 10 مىڭ ئەسكىرىنى ئەسىر ئالدى.

1026 - يىلى يۈسۈف قادىرخان قايتا ئىسيان كۆتەرگەن خوتەن ۋە ئىدىقۇت قاغانلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى تىنجىتتى.

1041 - يىلى ئېرتىش، بالقاش بويلىرىدىكى ياباقۇلار، باسمىللار، چۇمۇللەر، يەمەكلەر ئىسيان كۆتەرگەندە سۇلايمان ئارسلانخان باشچىلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك قاراخانىلار قوشۇنى 700 مىڭ قوشۇنى بار ئىسيانچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ بويسۇندۇردى ھەمدە شامان دىنىدىكى خەلقلەرنى مۇسۇلمان قىلدى.

1134 - يىلى قىتانلار بالاساغۇننى بېسىۋالدى.

1136 - يىلى قىتانلار قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى.

1138 - يىلى غەربىي قاراخانىلار قاغانى مەھمۇتخان 2، غوجەنتتە قىتان خانى گۆرخان بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى. 1141 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى كاتۋان ئۇرۇشىدا قاراخانىلار ۋە سەلچۇقىلار قوشۇنىدىن 30 مىڭ ئەسكەر ئۆلۈپ، دۆلەت قىتانلارغا قارام بولدى.

1209 - يىلى ئىدىقۇت پادىشاھى بائۇرچۇق ئارت تېكىن قىتانلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتتى.

1212 - يىلى نايمان خانى كۈچلۈكخان قەشقەرنى بېسىۋالدى ۋە شەرقى قاراخانىلار دۆلىتىنى مەغلۇپ قىلدى. قىتانلار ھاكىمىيىتى نايمان خانلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئىسلامىيەتنىڭ ئورنىغا چىققان خىرىستىيانلار يالغۇز خوتەندىلا 3

مىڭ ئىسلام ئۆلىماسىنى ئۆلتۈردى.

1218 - يىلى چىڭگىزخان قوشۇنلىرى ئىسسىقكۆل بويىدىكى ئۇرۇشتا نايمان خانىنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ دەۋرلەردە ھاكىمىيەت بېشىدىكى مۇسۇلمانلار بىر - بىرى بىلەن ئىچكى زىددىيەت تۈپەيلى ئۇرۇشۇپ، ئاخىرىدا ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ياتلارغا تارتقۇزۇپ قويدى.

پۈتۈن تۈركىستاندا ئىسلامىيەتنى كەڭ تارقاتقان قاراخانىلار ئۇيغۇر دۆلىتى شۇنىڭ بىلەن زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. ئەمما چىڭگىزخان دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچكى مۇستەقىللىقىنى ۋە ئىسلام دىنىنى قوغداپ قالدى.

1275 - يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر قاغانى قوچغار تېكىن ، موڭغۇل قايدۇخاننىڭ 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا قارشى ئىدىقۇت شەھىرىنى 6 ئاي قوغداپ ، ئاخىرىدا ئۆزىگە ياتلىق قىلىنغان موڭغۇل قىزىنى قايتۇرۇپ بېرىپ شەھەرنى قوغداپ قالدى. شۇنىڭدەك 1335 - يىلىغىچە موڭغۇللارغا بېقىندى بولۇپ، يېرىم مۇستەقىل ھالدا ياشىدى. شۇ يىلى چاغاتاينىڭ مۇسۇلمان خانى تارماشىرىن تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىپ چاغاتاي زېمىنلىرىغا قوشۇلىندى. ئەمما ئالىقاچان دېھقانچىلىق، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - تىجارەتكە قەدەم قويغان ئۇيغۇلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە موڭغۇللارنى ئۇيغۇرلاشتۇرۇپلا قالماستىن، مۇسۇلمانلاشتۇردى. شۇڭا چاغاتاي ئەۋلادلىرى 1266 - يىلى مۇبارەك شاھ دەۋرىدىلا مۇسۇلمان بولغان ئىدى. 1309 - يىلى ئىسەن بۇقا دەۋرىدە چاغاتاي ئۇيغۇر دۆلىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

1326 - يىلى چاغاتاي خانى تارماشىرىن خوراسان رايونىدىكى موڭغۇللارغا يۈرۈش قىلىپ ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلدى. 1329 - يىلى ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىگە قەدەر فەتھ قىلدى.

1353 - يىلى توغلۇق تۆمۈرخان ئىسلامنى دۆلەت دىنى ئېلان قىلدى. ئۇ 160 مىڭ موڭغۇلنى مۇسۇلمان قىلدى. 1393 - يىلى خىزىر خوجا تۇرپانغا ، قاراخوجىغا ، 1397 - يىلى قومۇلغا فەتھ قىلىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلقىنى مۇسۇلمان قىلدى. بىر قىسىم بۇددىستلارنىڭ بۇدقا چوقۇنىشىغا روخسەت قىلدى.

### شەرقى تۈركىستاندا تەسەۋۋۇپچىلىق :

1514 - يىلى ئىچكى ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن پارچە- پارچە بولۇپ كەتكەن تۈركىستان زېمىنىدىكى مۇسۇلمانلارنى سۇلتان سەئىدخان بىرلىككە كەلتۈرۈپ سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇردى. سەئىدىيە قاغانى ئابدۇرىشىتخان 1536- يىلىدىن 1538- يىلىغا قەدەر تۇرپان ۋە يەتتە سۇ ھۆكۈمدارلىرى مەنسۇرخان ۋە توغومنى مەغلۇپ قىلىپ ، 1545 - يىلى ھەقنەزەرخاننىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ بىرپۈتۈن تۈركىستاندا ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتتى. ئابدۇكېرىمخان دەۋرىدە نەخشبەندىيە مەزھىپىنىڭ قارا تەكىيە سۇلۇكىگە ئاساس سالغۇچى ئىسھاق خوجا سەمەرقەنتتىن قەشقەرگە ، يەكەنگە كەلدى ۋە قاغان ئوردىسىدىن باشلاپ مەزھەپكە مۇرىت توپلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقى تۈركىستاندا تەسەۋۋۇپچىلىق تەلىماتىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىشقا باشلىدى.

باشتىن - ئاياق ئىزچىل ھالدا سۈننىي مەزھىپىدىكى يەرلىك مۇسۇلمانلار بىلەن غەربىي تۈركىستان ئارقىلىق ئىراندىن كەلگەن تەرىقەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا باشلانغان زىتلىق جەمئىيەتتىكى ئاساسى كۈرەشكە ئايلاندى. ئۇنى ئازدەپ قارا تاقىيەلىك خوجىلار يەكەننى، ئاق

تاقىيەلىك خوجىلار قەشقەرنى مەركەز قىلىپ دۈشمەنلىششكە باشلىدى. بۇ كۈرەش ئاخىرىدا گوللىنىۋاتقان ۋە بىرلىككە كەلگەن شەرقى تۈركىستان سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىۋەتتى ۋە ئىچكى زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرىۋەتتى.

پۈرسەتتىن پايدىلانغان ئۆزبەك، قىرغىز قوشۇنلىرى 1590 - يىلى قەشقەر ۋە ئاقسۇغا زور كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ تار- مار قىلىندى. تۇرپانغا ھۇجۇم قىلغان قالماقلار چېكىندۈرۈلدى.

1639 - يىللىرى پامىردىكى قىرغىزلار، ئىلىدىكى قازاقلار، ئاقسۇدىكى خان ئەۋلاتلىرى مۇستەقىللىق توپۇلاڭلىرى قىلغان بولسىمۇ ئابدۇللاخان ھەربى يۈرۈش قىلىپ ھەممىسىنى تىنجىتتى. 1645 - يىلى بىلۇجىستاننى ئىگەللەپ ھاكىمىيەتنى ئۆزىگە قاراتتى.

1660 - يىللىرى جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى خۇنتەيجىنىڭ ئوغلى زەڭگى ئىلى ۋادىسىنى ھەمدە تۇرپان، قۇمۇللارنى بېسىۋېلىپ سەئىدىيەنىڭ ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ زېمىنىنى كىچىكلىتىپ قويدى. 1664 - يىلى چەرچەندىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلدى. يەنە شۇ يىلى بۇخارا بىلەن خوجە ئارىسىدىكى - ئابلىزخان بىلەن ئوبۇلغازى باھادىرخان ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق ئۇرۇشتىن كېيىن نۇرغۇن ئاھالىلار شەرقى تۈركىستاندىكى قەشقەر، يەكەنلەرگە كۆچۈپ كىلىشكە باشلىدى. بۇلار ھلەن نۇرغۇن خوجىلار «پەيغەمبەر ئەۋلادى» نىقاۋى بىلەن بىللە كەلدى. يەكەندە يەھيا خوجىنىڭ، قەشقەردە ھىدايىتۇللاھ ( ئاپپاق ) خوجىنىڭ مۇرىتلىرى كۆپىيىشكە، خوجىلارنىڭ ئىشانلىق تەرغىباتلىرى ھاكىمىيەت بېشىغا قەدەر كېڭىيىشكە باشلىدى.

1666 - يىلى ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى - قەشقەر ۋالىسى يولۋاسخاننى ھىدايىتۇللاھ ( ئاپپاق ) خوجا قۇترىتىپ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى ۋە سەئىدىيە ھۆكۈمدارلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئاپپاق خوجا ئەڭ دەسلەپ ئۆلۈپ كەتكەن دادىسى ئۈچۈن قەشقەر ياغدۇدا ھەشەمەتلىك مازار ياسىتىپ «ھەزرىتى مازار» دەپ ئېلان قىلدى. شەرقى تۈركىستانغا كىلىپمۇ باقمىغان نۇرغۇن «ئەۋلىيا»، كىشىلەرنىڭ نامىغا زىيارەتگاھ - گۈمبەزلەرنى ياساتتى. قەبىھ ۋاستىلار بىلەن خەلقنى تەسەۋۋۇپچىلىق قاراشلىرىغا زورلىدى. ئاخىرىدا پۈتۈن شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قارشى ھالدا بۇددىست جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تاپىنىنى يالاپ، 1680 - يىلى جۇڭغارلار قوشۇنىنى شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈستىگە باشلاپ كىلىپ ھۇجۇم قوزغاپ، 164 يىل ھۆكۈم سۈرگەن مۇسۇلمان دۆلەت - شەرقى تۈركىستان سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنى يىقىتىپ تاشلاپ، ئۆزى تەختكە چىقتى.

ئاپپاق خوجىنىڭ قەشقەردىكى لەنەتلىك قەبرە گۈمبىزى بۈگۈنگە قەدەر سۈيىقەستچى، ساتقىن، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە سازايى قىلىنماقتا.

### 3 . ئىسلامىيەتكە قارشى دۈشمەنلىكلەر

**جۇڭغار بۇددىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى :**

ساتقىن ئاپپاق خوجا شەرقى تۈركىستاننىڭ يېرىمىنى بېسىۋالغان جۇڭغارىيە ھاكىمىيىتىگە قالغان يېرىمىنىمۇ سوغات قىلىپ بېرىۋەتتى. جۇڭغارلارغا ھەر ئايدا 100 مىڭ تەڭگە، غالدانغا شەخسى 4 مىڭ تەڭگە پۇل بېرىش شەرتى بىلەن

www.uyghurkitap.com



ئاپپاق خوجا قورچاق باشلىق بولۇۋالدى. چاروسىيە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەربىي قوللىشىغا ئېرىشكەن غالدان جۇڭغار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ غەربىي تۈركىستانغا ۋە موڭغۇلىيەگە يۈرۈش قىلدى. 1697 - يىلى غالدان ئۆلگەندىن كېيىن سۇاڭ ئاراپتان يەنە داۋاملىق يۇقىرىقى تۈركىستانغا قوشۇن تارتىپ قانلىق قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق ئېلىپ باردى. 1757 - يىلى خىتاي چىڭ سۇلالىسى پادىشاسى چيەنلۇڭ بۇ پۇرسەتتىن غەنىمەت بىلىپ شەرقىي تۈركىستان زېمىنلىرىنى ئىگەللەپ ئېلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا باشلىدى.

**مانجۇ - خىتاي بۇددىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزى:**

1758 - يىلى ئون مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرى بىلەن خىتاي گېنېرالى يارخاشەن كۇچارنى قورشىۋالغان بولسىمۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. ئارقىدىن بۇ تاجاۋۇزچى قوشۇنغا جاۋخۇي تەيىنلەندى. بۇ ھاكاۋۇر گېنېرال ئاقسۇدا ئۆزىگە تەسلىم بولغانلارنى قوشۇپ ئالدىراپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى. يەكەندىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە جاۋخۇينىڭ ئەسكەرلىرىنى ئالداپ پارچىلاپ تاشلاش تاكتىكىسى بىلەن تار- مار قىلدى. ئېتىغا ئوق تەككەن گېنېرال جاۋخۇي ئارانلا قېچىپ قۇتۇلدى. يەكەن قىسىملىرى جاۋخۇينىڭ قارارگاھىنى ئۈچ ئايغا قەدەر قورشىۋالدى. يىل ئاخىرىدا جاۋخۇيگە ياردەمگە كەلگەن گېنېرال نامجارنىڭ قوشۇنلىرىمۇ تامامەن تار- مار قىلىندى. ئارقىدىن فۇدى باشچىلىقىدا يەنە ياردەمگە كەلگەن نۇرغۇن خىتاي ئەسكەرلىرى جاۋخۇينىڭ قارارگاھىغا يېتىپ كەلمەيلا ئۇزلىرى قورشاۋغا چۈشۈپ قالدى. چىڭ سۇلالىسى بۇ ئېغىر ئەھۋالنى ئاڭلاپ ئارگۇن يېتەكچىلىك ھېساپسىز ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ ئۇرۇشقا كىردى. يەكەندىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنى كىچە - كۈندۈز قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلىپ دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ يەكەننى جان تىكىپ قوغدىدى. زەربىگە چىدىمىغان خىتاي ئەسكەرلىرى مۇھاسىرىنى ئۈچ يەردىن يېرىپ ئاقسۇغا قېچىپ كەتتى.

1759 - يىلى پۈتۈن خىتاي ئەسكەرلىرى ئاقسۇغا توپلاندى. ئۇلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى 30 مىڭدىن، تۆگىلىك ئەسكەرلىرى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. قومۇلدىن ئاقسۇغا قەدەر پۈتۈن تۈركىستان يۇرتلىرىنى بۇلاپ - تالاپ، خەلقنى قىرغىن قىلىپ، نۇرغۇن ئارقا سەپ تەمىناتىغا ۋە ئۆتقۇن ئەسكەرگە ئېرىشكەن جاۋخۇي قىسىملىرى خوتەن، قەشقەر ۋە يەكەنگە بىرلا ۋاقىتتا تەڭ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان خوجىلار زور ياردەمگە ئېرىشەلمىدى. خوتەن ۋە قىرغىز رايونلىرى خىتايلارغا تەسلىم بولدى. شۇ سەۋەپتىن خىتاي ئەسكەرلىرى ناھايىتى زور چىقىم بېرىپ قەشقەر بىلەن يەكەننى ئالغان بولسىمۇ بۇرھاندىن ۋە خان خوجىلار پامىرغا چېكىندى. ئۇ يەردە يەنە تىركىشىپ خىتايلارنى چوڭ چىقىمغا ئۇچراتتى. قات - قات قورشاۋدا قالغان خوجىلار قوشۇنى تەسلىم بولغانلارنىمۇ قىرىپ ئۆلتۈرۈۋاتقان خىتايلارنى كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، قورشاۋنى يېرىپ بەدەخشان تەرەپكە چېكىنىپ كەتتى. خىتاي ئەسكەرلىرى ئىچىدە قومۇلدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەرمۇ جەڭگە قاتناشتى.

ئەسلىدە خىتاي ھۆكۈمدارلىرى ئۆزۈن مۇددەت سۈيقەستلىك پىلان تۈزۈپ خوجىلار بىلەن يەرلىك ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچى بىلەن ئۇيغۇرلارنى ۋەيران قىلدى. قارا تاغلىق ۋە ئاق تاغلىق بولۇۋالغان خوجىلار ئەۋلاتلىرى بولسا ختاي ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئەڭ قولاي شارائىتنى هازىرلاپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ختاي چىڭ هۆكۈمىتىنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنى ۋە 200 مىڭدىن ئارتۇق كۆچمەنلىرى شەرقى تۈركىستانغا بېسىپ كىرىپ مۇسۇلمانلارنى خالىغانچە قىرغىن قىلدى، مىچىتلەرنى چاقتى، موللىلارنى ئۆلتۈردى. ئۇيغۇرلار شۇ كۈنلەردىن ئېتىبارەن ختاي ئەسكەرلىرىنى باقىدىغان تېرىمچىلارغا ئايلىنىپ قالدى. مانجۇلار 1768 - يىلى 8 مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىپ ئىلى بوزيەرلىرىدە بۇغداي تېرىشقا يۆتكىدى. باج - سېلىق، هاشار دەستىدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتتى. ختايلار خەلقتىن يىغىۋالغان باج پۇللىرىغا خام - بوز ، چەكمەن، پاختا، چارۋا مەهسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ ، ئۇنى نەچچە ئون هەسسە قىممەت باهادا يەنە خەلققە سېتىپ ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ مەركىزگە توشۇدى. ختاي هۆكۈمرانلىرى ئىسلامىيەتنى يوق قىلىش يولىدا پىلانلىق هالدا ئىش ئېلىپ باردى:

1 -، ئىسلامى هاكىمىيەتنى يوق قىلىپ هوقوقنى هەربى هۆكۈمەتكە مەركەزلەشتۈردى.

2 -، ئىسلامى سوت - قازىلىقنى بىكار قىلىپ، هەربى سوت ئىچىپ ئۆزى باشقۇردى.

3 -، ئۆشرە - زاكات ، سەدىقىلەرنى بىكار قىلىپ ئۆزلىرى باج يىغدى، ۋەقپى يەردىنمۇ باج ئالدى.

4 -، ئەمەلدارلىق نەسەبىنى بىكارقىلىپ، خوجىلارنى يۆتكەپ ئىشلىتىپ ئىمتىيازىنى يوق قىلدى.

5 -، ئەرەپ - ئۇيغۇر يېزىقىنى چەكلەپ، مانجۇ - ختاي يېزىقىنى مەجبۇرى هۆكۈمران قىلدى.

6 -، مۇسۇلمانلارنىڭ ئادەتلىرىنى چەكلەپ، مانجۇچە كىيىنىش، كۆكۈلا قويۇشقا زورلىدى.

200 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان مانجۇ - ختاي ئىستىلاسى داۋامىدا شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۇيغۇرلار ئالالاھ قا بولغان ئېتىقادى ۋە ئىسلامىيەتكە بولغان ساداقىتىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىدى. 1765 - يىلى ئۇچتۇرپان دىهقانلىرى قوزغىلاڭ كۆتەردى. 1815 - يىلى قەشقەردە قاراتاغلىق زىياۋۇدۇن باشچىلىقىدا خەلق قوزغىلاڭ كۆتەردى. 1820- يىلى ئاق تاغلىقلاردىن جاهانگىر خوجا قوزغىلىپ قەشقەر ، يېڭىسار ، يەكەن، خوتەنلەرنى فەتىه قىلدى. 1826 - يىلى قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى تايلاق خەلقنى باشلاپ چىقىپ مانجۇ - ختاي ئەسكەرلىرىنى قىرغىن قىلدى. 1830 - يىلى يۈسۈف خوجا باشچىلىقىدا خەلق قوزغالدى. 1912 - يىللىرى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدا قومۇل دىهقانلىرى قوزغىلىپ مەنچىڭ هاكىمىيىتىنى غۇلۇتۇپ تاشلىدى. 1930 - يىلى خوجا نىياز هاجى باشچىلىقىدا شەرقى تۈركىستان خەلقى قوزغىلىپ ئۈرۈمچىنى مۇهاسىرىگە ئالدى. 1932 - يىلى مەهمەت ئىمىن بۇغرا ئەسكەرلىرى خوتەننى فەتىه قىلدى. 1933- يىلى ساۋۇت داموللا قاتارلىقلار قوزغىلىپ قەشقەرنى فەتىه قىلىپ « شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى » نى قۇردى. 1944- يىلى ئىلى خان تۆرە ، ئەخمەتجان قاسىملار قۇراللىق قوزغىلاڭ بىلەن قانلىق ئۆرۈشلار قىلىپ « شەرقى تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى » نى قۇردى.

1949 - يىلى 10 - ئايدا روس كوممۇنىستلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆز جاسۇسلىرىدىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننى « يالتا شەرتنامىسى » بويىچە خىتايلارغا تۇتۇپ بەردى. شۇندىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئېغىر زۇلمى ئاستىدىكى مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ ئىنسانىيەت كۆرمىگەن ئىسكەنجىگە دۇچ كەلمەكتە.

## 4 . خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ دىنىي دۈشمەنلىكى

خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش مەقسىدىدە ئەجداتلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن ، ئۇلاردىن نەچچە يۈز ھەسسە ھىلىگەرلىك ۋە غالجىرلىق بىلەن سىياسىي ئالدامچىلىق ۋە قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن دىنىي سىياسىتى 5 باسقۇچتىن ئىبارەت:

1 . باسقۇچ : 50ـ يىللاردا « مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىش، زومىگەر بەگلەرنى باستۇرۇش » ئالدامچىلىقى بىلەن دىنىي ئۆلىمالارنى، بىلىملىك زاتلارنى ئاشكارا قانلىق باستۇردى. مۇسۇلمان ئارمىيىسىنى پارچىلاپ، يۆتكەپ، قىسقارتىپ، قوماندانلىرىدىن ئايرىپ ئاستا ـ ئاستا يوق قىلىپ تاشلىدى.

2 . باسقۇچ : 60 ـ يىللاردا « ئاتېزىم تەربىيەسى » ـ دىنسىزلىق ھەرىكىتى قوزغاپ، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ناماز ئوقىغانلارنى كەمسىتىپ ، چەتكە قېقىپ، ناماز ئوقىمىغانلارنى كۆككە كۆتۈرۈپ ، بەش پەرزدىن ۋاز كەچكەن « مۇسۇلمانلار » نى كۆپەيتىشكە ئۇرۇندى. يالغ دىنىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ ، دىنىي پائالىيەتلەرنى كونترول قىلدى. دىنىي زاتلار بىلەن خەلق ئارىسىدا پىتنە پەيدا قىلدى.

3 . باسقۇچ : 70 ـ يىللاردا ئاشكارا قانلىق باستۇرۇش ئېلىپ باردى. مىچىتلەرنى چاقتى، تارتىۋالدى، چوشقا باقتى. ناماز ئوقىغانلارنى سازايى قىلدى. يوشۇرۇن دىنىي تەشكىلاتلارنى باستۇردى. دىنىي يىتەكچىلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. قانۇنلىرىنىمۇ قايرىپ قويۇپ ئىسلامىيەتنى يوق قىلىشقا ئۇرۇندى.

4 . باسقۇچ : 80 ـ يىللاردا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش، مۇسۇلمان دۆلەتلەرگە ئىقتىسادى ھۇجۇمنى كۈچەيتىش مەقسىدىدە، ساختا دىنىي ئەركىنلىك سىياستى يۈرگۈزۈلدى. « دىنغا ئىشەنمەسلىكنى تەشۋىق قىلىش ئەركىنلىگى » نىقابىدا يەنىلا تەشۋىقاتتا يالغان ئەركىنلىك شۇئارى ، ئەمىلىيەتتە قاتتىق چەكلەش تەدبىرى داۋام قىلدى. دىنىي مەكتەپ ۋە زاتلارنى يوشۇرۇن تەقىپ قىلدى.

5 . باسقۇچ : 90 ـ يىللاردا پۈتۈن دىنىي ئورگانلار ، مىچىتلەر كونترول قىلىندى. مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىش چەكلەندى. دىنىي مەكتەپلەر تاقالدى. مىچىت ئىماملىرى كوممۇنىستلار تەرىپىدىن بەلگىلەندى. يوشۇرۇن دىنىي تەشكىلات ئەزالىرى ھەتتا ئىسلامى بىلىم ئالغان تالىپلار قولغا ئېلىندى. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. نارازىلىق بىلدۈرگەنلەر كوللىكتىپ تۇتقۇن قىلىندى، كوچىلاردا ئوققا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

## 5 ـ ئىسلامىيەتنىڭ شەرقتىكى پولات قورغىنى

شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۆز

ئىختىيارى بىلەن ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان 11 ئەسىردىن بۇيان ئۈچ تەرىپىنى قورشاپ تۇرغان روس، خىتاي، تىبەت كافىرلىرىنىڭ ھىساپسىز ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇپ ، بۇ ئىسلام ئۆلكىسىنى قوغداپ كەلدى ۋە ئىسلامىيەتنى ئەتراپقا تارقاتتى.

ئاللاھ قا بولغان ئېتىقادى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا بولغان ساداقىتى، ئىسلامىيەتكە بولغان ئىشەنچىسىنى بىر مىنۇتمۇ يوقاتمىغان شەرقى تۆركىستان ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقتىكى پولات قورغىنىغا ئايلاندى. ئەسىرلەردىن بېرى مىليونلارچە شېھىد بېرىپ خىتاي ئىستىلاسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قاراتقان تاجاۋۇزىنى جانپىدالىق بىلەن توسۇپ كەلدى. 200 قېتىمدىن ئارتۇق غازات ئۇرۇشى قىلىپ ئەتراپنى قورشاپ تۇرغان ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ ئىسلامى شەرىپىنى قوغدىدى.

بۈگۈنكى كۈندە شەرقى تۆركىستان مۇسۇلمانلىرى كۆپ قىسمى ئاشكارا، بىر قىسمى يوشۇرۇن بەش ۋاقت ناماز ئوقۇيدۇ. بىرئاي روزا تۇتىدۇ. زاكات ۋە ھۆشرەلىرىنى ھۆكۈمەتتىن يوشۇرۇن ھالدا كىرەكلىك يېرىگە بېرىدۇ. پۈتۈن ئىمكانلىرى بىلەن ھەجگە بارىدۇ. رامزان، قۇربان بايراملىرىنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ. ھازىر پۈتۈن شەرقى تۆركىستاندا 3 مىڭغا يېقىن مىچىت - جامى بولۇپ ، كۆپ قىسمى خەلق تەرىپىدىن يېڭى سېلىنغان ياكى ھۆكۈمەتتىن تۆلۈتۈپ ئېلىنغان. شەرقى تۆركىستاندا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ناھىيە، شەھەر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىسلام جەمىيەتلىرى ۋە ئىسلام ئىنىستىتۇدىكى ، شۇنىڭدەك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ زور كۆپ قىسمى قانۇنى يوللار ئارقىلىق ئىسلامىيەتنى قوغدايدۇ ۋە ئېتىقادىنى يوشۇرۇن داۋاملاشتۇرىدۇ.

بۈگۈنگىچە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھىچقانداق ماددى ياكى مەنىۋى ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن شەرقى تۆركىستان مۇسۇلمانلىرى 1990 يىللاردىن كىيىن ئارقا - ئارقىدىن 3 قېتىم زور كۆلەملىك قۇراللىق ئۇرۇش ئىلىپ بېرىپ مۇستەقىللىق ئۈچۈن شېھىد بەردى. ھازىر يەنە پەقەت ئاللاھ نىڭ مەدىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىسلامى ۋىجدانىنى قوغداپ كەلمەكتە ۋە مۇستەقىل مۇسۇلمان دۆلەت قۇرۇش يولىدا كۆرەشمەكتە.

( بېشى 76 - بەتتە )

خىتاي ھاكىمىيىتىگە (ئۆلۈمگە) تاپشۇرۇپ بېرىشى - ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ يۈرەك باغرىنى ئەزمەي قالمايدۇ. ..

ئەسلىدە تۈرۈك مىللەتلىرىنىڭ مىللىي ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەخلاقىغا ھېچ توغرا كەلمىگەن بۇئەھۋال، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرقانداق بىرناچارھالدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئالدىدا تېزچۆكۈپ باش ئەككەنلىكىنىڭ ئوچۇق بىرئىسپاتى بولۇپ، بۇھال، خەلقئارالىق ساھەدە قازاقىستاننىڭ ئىززەت ۋە ئابرويىنىڭ چۈشىشىگە سەۋەپ بولۇشى تۇرغان گەپ. ..

ئۇيغۇرخەلق ماقاللىرىدا مۇنداق بىر ئەقلىيە سۆزى بار: «جان دوستۇڭ جىنىدىن كېچەر، مال دوستۇڭ مېلىدىن كەچمەس»، «ياخشى ئات ئىگىسىنى يەرگە ئاتماس، ۋاپادار دوست دوستىنى دۈشمەنگە ساتماس»، «ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا»...

www.uyghurkitap.com

# «بىز تېنچلىقپەرۋەر ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن قوزغىلىمىز؟»

( « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ پەخرى رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن بىلەن سۆھبەت )

**مۇلى** ( « بېيجىن باھارى » ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى )

بېيجىڭ باھارى ژۇرنىلى مۇخبىرى : مۇلى

مۇلى: « ھۆرمەتلىك ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندىم، سىز بىلەن شىۋېتسىيەدە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇرسەنمەن ، مەن «بېيجىڭ باھارى» ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى بولىمەن ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىز بىلەن بىر سۆھبەت ئۆتكۈزسەم دەيمەن ؟».

ئەركىن ئالپتېكىن: « سىزنىڭ بىزگە شۇنچىلىك قىزىققانلىقىڭىزگە كۆپ رەخمەت» .

مۇلى: « ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى كىتاپخانلىرىمىزگە بىر تونۇشتۇرۇپ ئۆتسىڭىز دەيمەن ؟ »

ئەركىن ئالپتېكىن : « مەن 1939- يىلى لەنجۇدا تۇغۇلغان، 1947- يىلى شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كەلدۇق، ئۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستان ناھايىتى قالايماقان ئىكەن، كېيىن دادام شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە باش كاتىپ بولۇپ ئىشلىدى، 1949- يىلى كوممۇنىستلار تەرىپىدىن دادامالارنىڭ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىز ۋەتەندىن ئايرىلىپ ھىندىستانغا كەلدۇق، ھىندىستاندا تۆت - بەش يىل ياشىغاندىن كېيىن، ھىندىستان ھۆكۈمىتىدىن سىياسى باش پاناھلىق تىلىدۇق، كېيىن تۈركىيەگە كېلىپ بېراقلا يەرلەشتۇق. مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ھاياتىم ئۈرۈمچىدە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىم ھىندىستاندا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىم تۈركىيەدە ئۆتتى، ئالى مەكتەپتە ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇدۇم، ئوقۇشۇم تاماملانغاندىن كېيىن تۈركىيە ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدە دىرېكتور بولۇپ ئىشلىدىم، 1970- يىلدىن باشلاپ گېرمانىيە ميونخېندىكى ئازاتلىق رادىئو ئىستانسىسىدا 25 يىل خىزمەت قىلدىم، ئاخىرقى چاغلاردا رادىئو ئىستانسىسى مەسئۇللىقىغا، يۇقۇرى دەرىجىلىك سىياسى مەسلەھەت بېرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدۇم ، 1995- يىلى دەم ئېلىشقا چىققاندىن بېرى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە باشقا بارلىق ئېزىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ دەردىنى ئاڭلىتىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېلىۋاتىمەن، مەن، « شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقلىرى ئىتتىپاقى » نىڭ قورغۇچىلىرىدىن بىرى بولىمەن، يەنە 1991- يىل قۇرۇلغان « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر تەشكىلاتى » نى قۇرغانلاردىنمۇ بىرىمەن، نۆۋەتتە بۇ تەشكىلاتقا ئەزا ئەللىك دۆلەت بار، پۈتۈن دۇنيادىكى ئومومى ۋەكىلى يۈز مىليوندىن ئاشىدۇ. تاكى بۇلتۇر 7- ئايغا قەدەر مەن مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلدىم، مەن يەنە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » ناملىق بىر تەشكىلات قۇردۇم، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەركىزى ميونخېن شەھىرىدە بولۇپ، مەن بۇ تەشكىلاتنىڭ پەخرى رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتىمەن، مەن ياشىنىپ قالدىم، بىر

ئەۋلات ياشلار بۇ خىزمەتنى داۋام قىلدۇرىشى كېرەك، شۇڭا بۇ ۋەزىپىدىنمۇ ئىستىپا بېرىش ئالدىدا تۇرىمەن ».

## 1 . « مېنىڭ دادام ھىندىرا كەندىگە ئوخشاش ئادەم ئىدى »

مۇلى: « مەن، 1996 - يىل «دۇنيا كەچۇرۇم تەشكىلاتى» خەلقارا ئىنسان ھەقلىرى زىيارەت ئۆمىگى ئەزالىرى تەركىۋىدە تۈركىيەدە بولدۇم، شۇ چاغدا مەن دادىڭىز ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتىكىننىڭ ئىش - ئىزلىرى ھەققىدە تۇنجى قېتىم مەلۇماتقا ئىگە بولغان ئىدىم. تۈركىيە خەلقى دادىڭىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇق داھىسى دەپ بىلىدىكەن، دادىڭىزنىڭ ۋاپاتىدا تۈركىيە ھۆكۈمىتى ناھايىتى داغدۇغىلىق «دۆلەت دەپنە مۇراسىمى» ئۆتكۈزدى. لېكىن مەن بىر خەنزۇ مىللىتى تۇرۇقلۇق، شۇ چاغقىچە دادىڭىز ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمەيدىكەنمەن، دادىڭىز قانداق قىلىپ بىر ئۇلۇق مىللىي داھىغا ئايلاندى؟ ئۇنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتىنى تونۇشتۇرۇپ بەرسىڭىز ؟».

ئەركىن ئالىپتېكىن : « دادام 1901- يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر شەھرىگە يېقىن بولغان يېڭىساردا تۇغۇلغان ئىكەن، ئەينى چاغدا زامانىۋى مەكتەپلەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دادام خۇيزۇ مەدرىستە ختاي تىلى ئۆگەنگەن ئىكەن، دادام بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا فېئودال كۈچلەرنىڭ ئېزىشگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ياشلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ھەققەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا باشلىغان ئىكەن، 30 - يىللاردا جۇڭگوغا سەپەر قىلىپ، مەركىزى ھۆكۈمەتكە ئەينى چاغدىكى مىللەتارىسلارنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى ھەققىدە داۋا قىلىپ، تېخىمۇ يۇكسەك ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقوقى تەلەپ قىلغان ئىكەن، نەتىجىدە جۇڭگودىن ئۆزىگە ھەمكارلىششنى خالايدىغان خېلى كۆپ دوسلارنى تاپقان ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىكتە گېزىت - ژورناللارنى نەشر قىلىپ، مەركەز بىلەن سۆھبەت قىلىشقا باشلىغان ئىكەن. 1924- يىلى سۇڭ جۇڭسەن مۇنداق دەپ بايانات ئېلان قىلغان ئىكەن: « جۇڭگودا ئۇيغۇر ، تىبەت، موڭغۇل قاتارلىق مىللەت بار ، بۇ مىللەت خەلقلىرى ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقوقىغا ئىگە». ئەينى چاغدا دادام سۇڭ جۇڭسەننىڭ ئاشۇ باياناتىنى تۇتقا قىلىپ ، جوڭگودا كۆرەش قىلغان ئىكەن. شۇ چاغلاردا سۇڭ جۇڭسەننىڭ ئوغلى - سۇڭ كېنىڭ دادامغا يازغان بىر پارچە خېتى ھازىر مېنىڭ قولۇمدا ، كېيىن ئۇ ، گومىنداڭ مەركىزى كومۇتېتىنىڭ رەئىسى بولغان ئىدى . ئۇ خېتىدە مۇنداق دىگەن ئىكەن : « بىز سىلەرنىڭ ئۆز — ئۆزەڭلارنى ئىدارە قىلىشڭلارنى قوللايمىز ، ئەمما بىز ئالدى بىلەن ياپۇن بىلەن بولغان مەسلىمىزنى بىر تەرەپ قىلىشمىز كېرەك ، چۈنكى بىز ھازىر ياپۇن بىلەن ئۇرىشۋاتىمىز ».

بىز ھەمكارلىشش ئارزۇيىمىزنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن ، جوڭگولۇقلار بىلەن بىرگە ياپۇنغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندۇق ، چۈنكى بىز جۇڭگو بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مەسلىلەرنى تېنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتۇق، كېيىن دادام جۇڭگو قانۇن تۇرغۇزۇش مەھكىمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تاللانغان ئىكەن، 30 - يىللاردىن 40- يىللارغا قەدەر شۇ ۋەزىپىدە بولۇپ كەلگەن ئىكەن. كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە باش كاتىپ بولغان ئىكەن، 1949- يىلدىن كېيىن، دادام يۇرت تېشىغا چىقىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆپلىگەن ئەللەرگە بېرىپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ئاڭلاتقان. كېيىن بىز تۈركىيەگە يەرلەشتۇق، چۈنكى بىزنىڭ تۈركىيە بىلەن مىللەت، مەدەنىيەت، ۋە تىل قاتارلىق جەھەتلەردە ئىتتىك باغلىنىشىمىز بار، بۇ خۇددى گېرمانىيەنىڭ شۋېتسىيە، نورۋېگىيە مىللەتلىرى بىلەن بولغان ئىتتىك مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. تۈركىيەدە دادام ناھايىتى زور دەستەككە ئىگە بولدى. شۇندىن باشلاپ «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ ھۆرلىكى، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ غۇرورى ئۈچۈن كۆرەشكە ئاتلاندى.

سىز بايا دادامنى بۇرۇن بىلمەيدىغانلىقىڭىزنى دەپ ئۆتتىڭىز، مېنىڭچە دادامنى كۆپلىگەن جۇڭگولۇقلار بىلىسە كېرەك، چۈنكى 80- يىللاردىن باشلاپ جۇڭگو ئاخبارات ۋاستىلىرى دادامنى شەرقىي تۈركىستاندىكى توپىلاڭلارنىڭ باش قوماندانى، دەپ ئەيىپلەپ كەلگەن ئىدى. ھەر قېتىم شەرقىي تۈركىستاندا بىرەر ۋاقە يۈز بەرسە، بۇنى ئەيسا قىلغان، دەپ ئەيىپلەيدۇ. ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆپلىگەن ياشلار دادامنى تونۇپ بولالمىغان ئىدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى دادامنى ئەيىپلەۋېرىپ، نۇرغۇن ئادەملەرگە تونۇشتۇرۇۋەتتى. دادام ئەسلىدە ھىندىراگەندىگە ئوخشاش تېنىچلىقپەرۋەر ئادەم ئىدى، ئۇ دالاي لامانىڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئىسلام ئەللىرى ۋە تۈرك دۇنياسىدا مەشھۇر، ئەمما غەرب دۇنياسىدا تېخى دالاي لامادەك تونۇلمىغان ئىدى».

قارايسىز؟ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلامسىز يا ئاپتونومىيەمۇ؟ ئاڭلىساق، سىز تېنىچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىكەنسىز، شۇ سەۋەبلىك بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى سىزنىڭ بۇ تەشەببۇسىڭىزنى خالىمايدىكەن، بۇ نېمە ئۈچۈن؟»

ئەركىن ئالپتېكىن: «دېموكراتىيە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئاز سانىنى ئىگەللەيمىز، بىز ئۆزىمىزنىڭ پىكرىنى ۋەتەندىكى كۆپ سانىنى ئىگەللەيدىغان ئۇيغۇرلارغا مەجبۇر تاڭماي، چوقۇم ئەشۇ كۆپ سانىنى ئىگەللىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ھازىر ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بىز چوقۇم مىللەتنىڭ تەلىۋىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز كېرەك، ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، بىز مىللەتكە ئاسىيلىق قىلغان بولىمىز، بىزنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتىمىز ۋە دالاي لامادەك داھىمىز يوق، ۋەتەن سىرتىدىكى ھەر بىر ئۇيغۇر بىر داۋاگەر، ئۇلارنىڭ بىردىن – بىر ۋەزىپىسى – ۋەتەندىكى خەلقنىڭ پىكرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتۇر. مىللەتنىڭ بىردىن – بىر نىشانى - مۇستەقىللىق. نىشان بىردەك، ئەمما ئۇسۇل ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر قوراللىق ئىنقىلاپ ئارقىلىق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرىمىز دەيدۇ، مەن بولسام تىنچلىق بىلەن مۇستەقىللىق نىشانىمىزغا يېتىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. مېنىڭ بۇ پىكرىمنى خەلقىمنىڭ قوللايدىغان ياكى قوللىمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ھەتتا قانچىلىك قىسمىنىڭ قوللايدىغانلىقىمۇ ماڭا نامەلۇم. مەن نېمە ئۈچۈن تىنچلىق يولىنى تەشەببۇس قىلىمەن؟

## 2 . «ھەر قېتىملىق قوزغىلىش - مۇستەملىكىچىلەر ئۈچۈن قىرغىنچىلىق قىلىشقا باھانە بولماقتا»

مولى: «سىز شىنجاڭ مەسىلىسىگە قانداق

مانجۇلار تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان

چېغىمىزدا ( 1760ـ يىللىرى) بىز ـ ئۇيغۇرلار 42 قېتىم قوزغىلاڭ كۆتەرگەنىكەنمىز ، بۇ قوزغىلاڭلاردا جەمئىي ئىككى يېرىم مىليون خەلقىمىزدىن ئايرىلغان ئىكەنمىز، شۇنچە كۆپ خەلق ئۆلگەننى ئاز دەپ يەنە 500 مىڭ كىشى ياقا يۇرتلارغا قاچقىپ كەتكەنىكەن .

نۇرغۇنلىغانلىرى چارروسىيەگە كېتىپتۇ، يەنە 500 مىڭ كىشى تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان ئىكەن، بەزىلىرى جۇڭگوغا ، بەزىلىرى جىلىنگە سۈرگۈن بولۇپ، مانجۇ قىسىملىرىنىڭ بوز يەرلىرى ئۈچۈن ھاشاغا سېلىنغان ئىكەن . ئەينى چاغلاردا جىلىن بويلىرىدا يۈز مىڭ مانجۇ قىسىملىرى بار ئىكەن . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ھەر قېتىملىق قوزغىلىش ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن قىرغىن قىلىشقا باھانە بولماقتا. مەقسىدىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ مەن خەلقىمنىڭ قىرغىن بولىشىنى خالىمايمەن. ئۇلار ياشىسۇن دەيمەن، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ھۆرلۈك ئىچىدە ئۆز غورورى بىلەن ئادەمدەك ياشىشىنى ئارزۇ قىلىمەن، بىز قانداق قىلىپ بۇ ئۆز ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز؟ مېنىڭچە تېنچلىق يول بىلەن سۆھبەت قىلىش ئارقىلىق بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. ئەمما ۋەتەندىكىلەر ماڭا : « ئەركىن ئالىپتېكىن، سەن تېنچلىق ، تېنچلىق، دەيسەن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىزنى كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ، ئۆزلىرى بىلەن تەڭ كۆرمەيۋاتىدۇ ، ھەتتا سۆھبەتلىشىشنىمۇ خالىمايۋاتسا، بۇنداق تۇرۇقلۇق سىزنىڭ ئەشۇ خىل ئۇسۇلىڭىزنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ » دەيدۇ. مەن 1983ـ يىلى تۇققان يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگوغا بارغان ئىدىم. شۇ چاغدا ۋە كېيىنكى قېتىم بارغىنىمدا جۇڭگو دائىرلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ئىدىم ، مەن ئۇلارغا: « سىلەر بىزنىڭ خەلقىمىزنى ئۆلتۈرۈلەيسىلەر، ئەمما غايە، ئىرادىنى سۇندۇرالمايسىلەر، بۇنىڭ مىسالى، ئافغانىستان ۋە چېچەنىستانلاردۇر. ئەگەر سىلەر بىر ئۇيغۇرنىڭ جېنىنى ئالساڭلار، ئۆلگەن ئۇيغۇر ئورنىدىن چاچراپ تۇرىدۇ. مەسىلە تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، ئۇنداقتا سىلەرنىڭ تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكىلارنىڭ بىردىن ـ بىر چارىسى بۇ مىللەتنى يوق قىلىشمۇ؟ شۇنداق قىلىشنى خالامسىلەر؟ ئەگەر سىلەردە ئازراق رەھىم شەپقەت دېگەن نەرسە بولسا ، ئۇنداق قىلمايسىلەر، ئۆزەڭلارنى بەش مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ پەخىرلىنىسىلەر، ئەگەر سىلەر يەنىلا باستۇرمىچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋەرسەڭلار ، تارىخىڭلارنى دەپسەندە قىلغان ۋە شەنىگە داغ كەلتۈرگەن بولىسىلەر، ئەگەر سىلەر ئۇيغۇرلارنى داۋاملىق قىرغىن قىلىۋەرساڭلار، كىممۇ سىلەرنى بىر ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ ۋاسىچىلىرى دىسۇن؟ » دىدىم. ئەھۋال شۇ قەدەر تۇرسا ، مەن خەلقىمگە نېمە دېيەلەيمەن ؟ دىمەككى، بۇندىن كېيىن ، قوراللىق قارشىلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئۇيغۇرلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقنى باستۇرۇش سىياسىتىنى يەنىلا داۋام قىلىۋېرىدىغان بولسا ، شەرقىي تۈركىستان تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. ھازىر نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر شەرقىي تۈركىستاننى يېڭى بىر ئىرلاندىيە بولدى، دېيىشىدۇ ».

مولى: « نۆۋەتتە، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن تەشكىلاتلىرى بار ، نېمە ئۈچۈن تېپەتكە ئوخشاش بىر سەرگەردان ھۆكۈمىتى قۇرالمىدىڭلار، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ »

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەركىن ئالىپتېكىن: « تىبەتلىكلەر ئۆزىنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتىنى يۇرت تېشىدا قۇرغان ئەمەس. روھانىي دالاي لاما ئەينى چاغدا تىبەتتىكى ھۆكۈمىتىنى ھىندىستانغا كۆچۈرۈپ چىقىپ كەتكەن. ئەمما بىزنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلغاندا دالاي لامادەك ھۆكۈمىتىمىز يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرتتىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلار 13 دۆلەتكە يەرلەشتى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتى بار بولۇپ، سىياسىي قۇرۇلمىسى بىلەن دۆلەت مەنپەئەتى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا بىز بىرەر مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇرماقچى بولساق، بۇ دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە تەسىر يېتەتتى. ئۇيغۇرلار قايسى دۆلەتتە ياشىسا، شۇ دۆلەتنىڭ سىياسىتى ۋە خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ھۆرمەت، قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىدۇ ».

مولى: « سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ بىرەر سەرگەردان ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش مۇمكىنچىلىكىڭلار بارمۇ؟ »

ئەركىن ئالىپتېكىن: « مېنىڭچە، بىز ھۆكۈمەت قۇرماسلىقىمىز مۇمكىن، ئەمما مەن، بىر پارلامېنت قۇرساق، دەپ ئويلايمەن ».

مولى: « ھەيرانمەن. نېمە ئۈچۈن تىبەتلىكلەر خەلقارادا نام قازىنىپ، ئۆز داۋاسىنى شۇنچىلىك ياخشى ئاڭلىتالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىگە كۆپ ئادەم دىققەت قىلمايدۇ؟ مەن يېقىندا شۋېتسىيەگە كېلىپ، بۇ يەردىكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ تىبەت داۋاسىغا شۇ قەدەر جان كۆيدۈرگەنلىكىنى، ھەتتا ھوللىۋۇد چولپانلىرىنىڭمۇ قانداق قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. سىلەرگە ئۇنچىلىك ئەمەس... »

ئەركىن ئالىپتېكىن: « دالاي لاما ھىندىستانغا قېچىشتىن بۇرۇنلا دۇنيا تىبەت مەسىلىسىدىن خەۋەردار ئىدى. كۆپلىگەن ئادەملەر بۇ مەسىلىگە قىزىقىشقا باشلىغان. دالاي لاما ھىندىستانغا چىققاندا، دۇنيادىكى ھەر قايسى بۇددىست دۆلەتلەردە ئىككى يۈز مىليون مۇرىتى بار ئىدى، ئۇلار دالاي لاماغا ناھايىتى ئىخلاسمەن ئىدى، شۇڭا ئۇلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دالاي لامانى قوللاشقا باشلىدى. 60 - يىللاردىن باشلاپ غەرب دۆلەتلىرى تىبەتلىك مۇساپىرلارنى قوبۇل قىلدى. مانا بۇ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان تىبەتلىك مۇساپىرلار سەۋەبلىك تىبەت مەسىلىسى غەرbلىكلەر ئارىسىغا يېيىلىشقا باشلىدى. تىبەتلىكلەر ئۆزلىرى يەرلەشكەن دۆلەتلەردە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە سۆزلىيەلىگۈدەك بولدى. يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بار، بۇرۇن مەندىن ئامېرىكىلىق بىر مۇخبىر بىر سوئال سورىغان. سىزنىڭ سورىغىنىڭىزمۇ نەق مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىكەن، شۇ چاغدا مەن جاۋاب بەرمەي تۇرۇپلا، ئۆزى « شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئېتىقات قىلىدىغان ئىسلام دىنى بىلەن غەربلىكلەرنىڭ خرىستىيان دىنى ئەزەلدىن زىت. ئەمما بۇددا دىنى بىلەن خرىستىيان دىنىدا ھېچبىر توقۇنۇش بولمىغان » دەپ جاۋاب بەرگەندى ».

مولى: « سىزنىڭچە ئۇنىڭ شۇ كۆزقارىشى توغرىمۇ؟ »

ئەركىن ئالىپتېكىن: « مېنىڭچە بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. ئەگەر بىز تارىختا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياۋروپا تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، دىنىي ئېتىقاتتىكى ئوخشىماسلىقلار سەۋەبىدىن نەچچە يۈز مىڭ ئادەمنىڭ جېنىدىن

ئايرىلغانلىقىنى كۆرىمىز، بۇنىڭ ئىچىدە ھەتتا ئايالالار ۋە نارەسىدە باللارمۇ بار، ئەگەر بىز ئىنسان ھەقلىرىنىڭ چەك ـ چېگرىسى يوق دەپ قارىساق، ئۇ چاغدا بىز دىنى ئېتىقات ۋە مىللىي تىلدىكى ئايرىمچىلىق بىلەن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنمايمىز».

## 3. «تۈرمىلەرگە كىرسىڭىز ھەقىقى ئۇيغۇر داھىلىرىنى كۆرىسىز»

مۇلى: «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقى مىللىي داھىسى زادى كىم؟ سىزمۇ ياكى باشقا بىرسى بارمۇ؟».

ئەركىن ئالىپتېكىن: «بىزنىڭ ھەقىقى مىللىي داھىمىز شەرقىي تۈركىستاندا. مەن بۇلتۇر بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ بىرى بولغان ـ ئېستونىيەدىكى «ۋاكالەتسىز مىللەت ۋە دۆلەتلەر تەشكىلاتى» نىڭ يىغىنىغا قاتناشقان ئىدىم. شۇ يىغىندا موسكۋادىن كەلگەن جۇڭگولۇق بىر مۇخبىر مېنى زىيارەت قىلدى. ئۇ بېيجىڭدىكى مەلۇم بىر گېزىتنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا «بىزنىڭ ھەقىقى داھىمىز شەرقىي تۈركىستاندا، ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى سۆھبەت قىلىشنى خالىسا، ۋەتەندىكى ئاشۇ داھىلار بىلەن سۆھبەت قىلىشى كېرەك» دېسەم، ئۇ «بىز شىنجاڭدا ھېچبىر داھى كۆرمىدۇق، ئۇلار زادى نەدە؟» دېدى، مەن «ئەگەر سىلەر تۈرمىنىڭ ئىشىگىنى يوغان ئېچىپ قارىساڭلار، ھەقىقى ئۇيغۇر داھىلىرىنى كۆرىسىلەر» دېدىم».

مۇلى: «چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلامدۇ؟ سىز ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلالامسىز؟».

ئەركىن ئالىپتېكىن: «بىز بۇ ئىشنى باشلىغاندا، پەقەت ۋىجدان بۇرچىمىزنى ئادا قىلىمىز دەپ، ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىمىزنى ئويلىماپتىكەنمىز. بىز مۇسۇلمانلار ئاخىرەتكە ئىشىنىمىز، ئاخىرەتتە مېنىڭ قېرىنداشلىرىم مەندىن: «ئەركىن ئالىپتېكىن، سەن غەرپتە باياشات ياشىدىڭ، پۇل تاپتىڭ، ئەمما بىز ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ دەپ سورىسا، ئۇ چاغدا مەن: «مېنىڭ ئىقتىدارىم چەكلىك، پەقەت قولۇمدىن كېلىشىچە ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىر ئىشلارنى قىلدىم» دەپ جاۋاپ بېرىمەن. مانا بۇ بىزنىڭ خىزمىتىمىز، بىزنىڭ داھىلىقتىن ياكى ۋەتەندىن مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى ئالىلقاندىق مەرتىۋىلەردىن تامايىمىز يوق، پەقەت ۋىجدانى بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش شۇ كۇپايە».

مۇلى: «سىلەر قىرىق يىلدىن بېرى ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋېتىپسىلەر، ۋەتەندىكىلەردىن ئاراڭلار ئۈزۈلۈپ قالدىمۇ؟ قانداق ۋاستىلار ئارقىلىق ئالاقە باغلايسىلەر؟».

ئەركىن ئالىپتېكىن: «ھەممىمىزنىڭ ئۆز ئالدىمىزغا ئالاقىلىشىش يولىمىز بار. ئۇچۇرلىراق قىلىپ ئېيتسام تازا مۇۋاپىق بولمايدۇ، ئەمما جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ نىمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىشىنىمۇ ئۈمىت قىلىمىز، بىز ۋەتەندىكىلەر بىلەن تۆۋەندىكى ئۈچ خىل يول ئارقىلىق ئالاقە قىلىمىز. بىرىنچى، بىز ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمىزدىن نۇرغۇن خەت ـ چەكلەرنى تاپشۇرۇپ ئالىمىز. ئىككىنچى، بىز ۋەتەندىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەرگە تېلفۇن بەرسەك، ئۇلار ناھايىتى ئۇستۇلۇق بىلەن ۋەتەندە بولىۋاتقان ئىشلارنى بىلدۈرىدۇ، ئۈچىنچى، نۇرغۇنلىغان تۈركى مىللەتلەر ۋەتەنگە بېرىپ تۇرىدۇ، يەنە نۇرغۇن چەتئەللىكلەر ۋە مۇخبىر ـ ساياھەتچىلەرمۇ

بارىدۇ، بىز ئۇلاردىن ئۈچۈر ئالىمىز ».

## 4 . بىز ئەزەلدىن تېررورىس ئەمەس

مۇلى: « سىزنىڭچە شىنجاڭ خەلقى زادى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلامدۇ ياكى ناھىيىتى ياخشى بىر تېنچ موھىتمۇ؟

ئەركىن ئالىپتېكىن: « ئىسمىدە قېلىشچە، ۋەتىنىمىز جوڭگو مۇستەملىكىسىدە قالغاندىن بېرى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھېچبىر زامان تىنچ ياشىغان ئەمەس. مىللىتىمىز ھەر ۋاقىت سىياسى بېسىم، ئىقتىسادى ئېكسپلاتاتسىيە ۋە ئىرقى كەمسىتىش قاتارلىقلاردىن خالىي بولالمىدى. بىر بەختىيار تۇرمۇش قويىندا ياشاۋاتقان بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغانلىقىنى ئەزەلدىن كۆرگەن ئەمەسمەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق تۆپەيلىدىن ئاققان قانلار قوشۇلسا، خۇددى بىر دېڭىز ھاسىل بولىدۇ، خەلقىمىزنىڭ دەردى تاشتى. ھازىر خەلق بىردەك، بىزنىڭ ئايىدىغان ھېچ نەرسىمىز قالمىدى، دەيدىغان بولدى. بۇ ۋەزىيەتنى تولىمۇ بىر خەۋپلىك ھالغا كەلتۈرىدۇ، سىز بىر مۇشۇكنى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا مەجبۇرى سولاپ قويىۋەرسىڭىز، ئاخىرى ئۇ ئېتىلىپ كېلىپ سىزنى مورلايدۇ ».

مۇلى: « سىز تۆنۆگۈنكى دوكلاتىڭىزدا، جوڭگو ھۆكۈمىتى بىزنى « تېررورىست » دەپ قارىلاۋاتىدۇ، بىز ئەزەلدىن « تېررورىست » ئەمەس، دەپ رەددىيە بەردىڭىز، ئۇنداقتا يېقىندىن بېرى يۈز بەرگەن ۋاقەلەرنى، يەنى ئاپتوۋۇز پارتلاش، ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئۇ يەر، بۇ يەردىكى قارشىلىق ھەركەتلىرىنى ئاخبارات ۋاستىلىرى، ئۇيغۇرلار قىلدى، دەپ خەۋەر قىلدى. بۇنىڭغا قانداق قارايسىز ؟ »

ئەركىن ئالىپتېكىن: « ئىلگىرى ئوتتۇرا شەرقتىكى « تېررورىست » دەپ ئاتالغان بىر قىسىم كىشىلەر، كېيىن نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇڭا ئۆز مىللىتى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلغانلار مىللىتى تەرىپىدىن « قەھرىمان » دەپ مەدھىيلەنسە، رەقىبى تەرەپتىن، « تېررورىست » دەپ قارىلانماقتا، بۇنىڭدىن باشقا يەنە «دۆلەت تېرورچىلىقى » بار، بۇ دېگەنلىك ــ جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن خەلقنى قىرغىن قىلغانلىقى، سىياسى جەھەتتىن بېسىم پەيدا قىلغانلىقى ــ ئىقتىسادى جەھەتتە تالان ــ تاراج، مەدەنىيەت جەھەتتە ئاسسىمىلاتسىيە قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سىلەر ژۇرنىلىڭلار « بېيجىڭ باھارى » دا، « 4 ــ ئىيول ئوقۇغۇچىلار ھەركىتى » مەزگىلىدە جوڭگونىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئەسكەرلەرگە: « نامايىشقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى ــ مەيلى قېرىلار، مەيلى ئايال، مەيلى باللار بولسۇن ئېتىڭلار » دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىكەن. يەنە بىرخىل « دۆلەت تېرورچىلىقى» شۇكى، جوڭگو شەرقىي تۈركىستاندا 46 قېتىم ئاتوم سىنىقى ئېلىپ باردى، بۇ يەرلىك خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بىر ئىش. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوندىن بىرى راك كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولدى، بۇ تىپىك « دۆلەت تېرورچىلىقى » دۇر ».

## 5 . « جوڭگو ھۆكۈمىتى بىزدىن بىر نېغىز « ھالىڭ نىمە؟ » دەپ سوراپمۇ قويمايدۇ

مۇلى: « ئاڭلىسام، سىز تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىكەنسىز، سىزنىڭچە قانداق قىلغاندا

بارىدۇ، بىز ئۇلاردىن ئۈچۈر ئالىمىز ».

## 4 . بىز ئەزەلدىن تېرورىس ئەمەس

مۇلى: « سىزنىڭچە شىنجاڭ خەلقى زادى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلامدۇ ياكى ناھىيتى ياخشى بىر تېنچ موھتمۇ؟

ئەركىن ئالىپتېكىن: « ئىسمىدە قېلىشىچە، ۋەتىنىمىز جوڭگو مۇستەملىكىسىدە قالغاندىن بېرى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھېچبىر زامان تىنچ ياشىغان ئەمەس. مىللىتىمىز ھەر ۋاقىت سىياسى بېسىم، ئىقتىسادى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئىرقى كەمسىتىش قاتارلىقلاردىن خالى بولالمدى. بىر بەختىيار تۇرمۇش قويىندا ياشاۋاتقان بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغانلىغىنى ئەزەلدىن كۆرگەن ئەمەسمەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق تۆپەيلىدىن ئاققان قانلار قوشۇلسا، خۇددى بىر دېڭىز ھاسىل بولىدۇ، خەلقىمىزنىڭ دەردى تاشتى. ھازىر خەلق بىردەك. بىزنىڭ ئايايدىغان ھېچ نەرسىمىز قالمدى، دەيدىغان بولدى. بۇ ۋەزىيەتنى تولىمۇ بىر خەۋپلىك ھالغا كەلتۈرىدۇ، سىز بىر مۇشۇكنى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا مەجبۇرى سولاپ قويىۋەرسىڭىز، ئاخىرى ئۇ ئېتىلىپ كېلىپ سىزنى مورلايدۇ ».

مۇلى: « سىز تۆنۈگۈنكى دوكلاتىڭىزدا، جوڭگو ھۆكۈمىتى بىزنى « تېرورىست » دەپ قارىلاۋاتىدۇ، بىز ئەزەلدىن « تېرورىست » ئەمەس، دەپ رەددىيە بەردىڭىز، ئۇنداقتا يېقىندىن بېرى يۈز بەرگەن ۋاقەلەرنى، يەنى ئاپتۇۋۇز پارتلاش، ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ۋە ئۇ يەر، بۇ يەردىكى قارشىلىق ھەركەتلىرىنى ئاخبارات ۋاستىلىرى، ئۇيغۇرلار قىلدى، دەپ خەۋەر قىلدى. بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ ».

ئەركىن ئالىپتېكىن: « ئىلگىرى ئوتتۇرا شەرقتىكى « تېرورىست » دەپ ئاتالغان بىر قىسىم كىشىلەر، كېيىن نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇڭا ئۆز مىللىتى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلغانلار مىللىتى تەرىپىدىن « قەھرىمان » دەپ مەدھىلەنسە، رەقىبى تەرەپتىن، « تېرورىست » دەپ قارىلانماقتا، بۇنىڭدىن باشقا يەنە «دۆلەت تېرورچىلىغى » بار، بۇ دىگەنلىك ـ جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن خەلقنى قىرغىن قىلغانلىغى، سىياسى جەھەتتىن بېسىم پەيدا قىلغانلىغى ـ ئىقتىسادى جەھەتتە تالان ـ تاراج، مەدىنىيەت جەھەتتە ئاسسىمىلاتسىيە قىلغانلىغى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سىلەر ژورنىلىڭلار « بېيجىڭ باھارى » دا، « 4 ــ ئىيول ئوقۇغۇچىلار ھەركىتى » مەزگىلىدە جوڭگونىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئەسكەرلەرگە: « نامايىشقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى ـ مەيلى قېرىلار، مەيلى ئايال، مەيلى باللار بولسۇن ئېتىڭلار » دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىكەن. يەنە بىرخىل « دۆلەت تېرورچىلىغى» شۇكى، جوڭگو شەرقىي تۈركىستاندا 46 قېتىم ئاتوم سىنىغى ئېلىپ باردى، بۇ يەرلىك خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بىر ئىش. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوندىن بىرى راك كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولدى، بۇ تىپىك « دۆلەت تېرورچىلىغى » دۇر ».

## 5 . « جوڭگو ھۆكۈمىتى بىزدىن بىر ئېغىز « ھالىڭ نىمە؟ » دەپ سوراپمۇ قويمايدۇ

مۇلى: « ئاڭلىسام، سىز تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىكەنسىز، سىزنىڭچە قانداق قىلغاندا

شىددەتتىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭغا قارىتا قانداق پىلانلىرىڭىز بار؟ ئۇنۇمى قانچىلىك بولىدۇ؟ »

ئەركىن ئالىپتېكىن: « مەن تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچىمەن. ئەمما مېنىڭ بۇ شەرەپلىك ھەركەتلەرنى تۇسايدىغان ھېچ قانداق چارەم يوق ، چۈنكى بىزنىڭ دالاي لامانىڭكىدەك ھۆكۈمىتىمىز يوق، پەقەت جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قانداق سىياسەت يۈرگۈزىشىگە باغلىق بىر ئىش بولۇپ قالدى » .

مولى: « سىز بايا دادىڭىزنىڭ گەندىگە ئوخشاش تىنچلىقپەرۋەر ئادەم ئىكەنلىگىنى دەپ ئۆتتىڭىز . سىزنىڭچە، گەندىنىڭ تىنچلىق ھەركىتى شىنجاڭغا باپ كېلەمدۇ؟ »

ئەركىن ئالىپتېكىن: « ھازىرغا قەدەر گەندىچىلىكنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى ، شۇ قەدەر قان پەقەت گەندىچىلىك سەۋەپلىك ئاخىرى بىكارغا ئاققان بولدى . قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم بىر سۆھبەت قىلىنىشى كېرەك ، جوڭگو ھۆكۈمىتى چوقۇم بىز بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ « سىلەر ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن قوزغىلاڭ قىلىسىلەر؟ » دەپ سورىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ئۇلار ئۇنداق قىلىشنى خالىمايدۇ. بىز ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە بىر مىللەت. ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى مۇشۇ مەدەنىيەت ئارقىلىق گۈللەندى ۋە تەرەققى قىلدى . ئۇيغۇر مىللىتى تىنچلىقنى سۆيىدىغان مىللەت، شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ مىللەت نېمە ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتىرىدۇ؟ ئەگەر جوڭگو ھۆكۈمىتى بۇ ھەقتە سورىسا بىزنىڭ جاۋابىمىز تەييار، شۇ چاغدا بىز بىرگە ئولتۇرۇپ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىمىز ».

## 6 . مېنىڭ خەلقىم توخۇ يۈرەكلىك بىلەن ئۆلۈشنى خالىمايدۇ

مولى: « سىز ئىزچىل تۈردە جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سىلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزىشىنى مۇراجەت قىلىۋاتىسىز، جوڭگو ھۆكۈمىتى بەلكى سىلەرنى ئاجىز كۆرۈپ : سىلەرگە ئاپتونومىيە بەردۇق، ھازىر ياخشى ياشاۋاتىسىلەر ، دېيىشى مۇمكىن، ئۇنداقتا، سىزنىڭچە جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىشىنىڭ مۇمكىنچىلىگى نەدە؟ »

ئەركىن ئالىپتېكىن: « مەن ئۆزىمىزنى كۈچلۈك دىمەكچى ئەمەسمەن، مېنىڭ دىمەكچى بولغىنىم: ئەگەر جوڭگو ھۆكۈمىتى پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى تۈپتىن يوق قىلىشقا ئۇرۇنمىغان بولسا ، ئۇنداقتا، بىز بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ، مەسىلىنى تىنچلىق يول بىلەن ھەل قىلىپ. ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ـ ئارا چۈشۈنىشىنى ئىلگىرى سۈرىشى كېرەك ئىدى، ئەگەر ئۇنداق قىلىشنى خالىمىسا ، ئۇ چاغدا خەلقىمىز : « ئەگەر پېشانىمىزگە ئۆلۈم پۈتۈلگەن بولسا، توخۇ يۈرەكلىك بىلەن ئۆلگەندىن، ئەركەكلەرچە ئۆلگەن تۈزۈك » دەپ جاننى تىكىش ئارقىلىق ئازاپتىن قۇتۇلىشى تۇرغان گەپ . بۇ خىل ئەھۋال تولىمۇ خەۋپلىكتۇر. ئەگەر شەرقىي تۈركىستاندا قوزغىلاڭ يۈز بەرسە ، شۇ ھامان تىبەت، ئىچكى موڭغۇل، قازاغىستان ۋە قىرغىزىستانلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا قوزغىلىدۇ، چۈنكى بىز تۈركى مىللەتنىڭ تارىخى ، ئېتىنىك باغلىنىشىمىز بار. مەسىلەن: 30 ـ ۋە 40 ـ يىللىرى بىر قىسىم تاجىك، قازاق خەلقى شەرقىي تۈركىستان

چېگرىسىدىن كىرىپ، قېرىنداشلىرىغا ياردەم بەرگەن، بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن ساقلىنىش كېرەك. ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زىيالىلار ئارىسىدا مۇشۇنداق بىر ئەندىشە بار».

## 7 . جۇڭگو قەدىمقى «پارچىلاپ باشقۇرۇش» سىياسىتىنى قوللانماقتا

مولى: «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شىئە ۋە سۈننىدىن ئىبارەت ئىككى خىل مەزھەپچىلىك بار ئىكەن. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟»

ئەركىن ئالپتېكىن: «جۇڭگو تارىختىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزىنىڭ بىر خىل قەدىمى سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن بولۇپ، ئاللىبۇرۇن دىنى ۋە مىللىي توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلدى. 1931 - يىلى ۋە 1945 - يىللىرى ماۋزېدۇڭ: ئازسانلىق مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەشكە بولىدۇ، دېگەن ئىدى. لېكىن كېيىن، جۇڭگونى پارچىلاشقا بولمايدۇ، دېگەن باھانە بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش مەسىلىسى بىر تەرەپتە قالدى، شەرقىي تۈركىستان بىر قانچە مىللەتكە بۆلىنىدۇ، مەسىلەن، قازاق، ئۆزبېك، ئۇيغۇر قاتارلىقلار. جۇڭگو ھۆكۈمىتى مەقسەتلىك ھالدا ئويدۇرۇپ چىققان «ئاپتونوم رايون»، «ئاپتونوم ناھىيە» دېگەن نەرسىلەر بۇ مىللەتلەر ئارىسىدا تۈرلۈك توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلىپ، ئاخىرى مىللىي ۋە دىنى زىددىيەت دەرىجىسىگە يەتتى. تۈركى مىللەتلەرنىڭ دىنى ئېتىقادىدا ئوخشىماسلىقلار بار، بەزىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلسا، بەزىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا كاتولىك ۋە خرىستىيان دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بىزنى تۇتۇپ تۇرغان بىرلا نەرسە - بىزنىڭ تۈركى مىللەت بولغانلىقىمىزدۇر. شەرقىي تۈركىستاندىكىلەر بولسا، ئاساسەن بىر قەدەر رائىش بولغان سۈننىي مەزھەپكە مەنسۇپتۇر».

مولى: «تېبەتنىڭ مىللىي تەركىبى بىر قەدەر ساپ، دىنى ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قەدەر بىردەكلىككە ئىگە، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندا كۆپ مىللەت ياشايدۇ، ئەگەر سىلەر مۇستەقىل بولساڭلار، قالغان باشقا مىللەتلەرمۇ سىلەردىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشى مۇمكىنمۇ؟»

ئەركىن ئالپتېكىن: «1930 - يىللىرى شىڭ شىسەي سابىق سوۋېت تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننى نەچچە بۆلەك ۋە بىر قانچە مىللەتكە ئايرىدى، بۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى مىللەتلەرنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش نىشانلاندى، چۈنكى ئەينى چاغدا شىڭ شىسەي مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللىقىنى ئالمايلا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇرىۋالدى. ئاندىن كېيىن، باشقۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «پارچىلاپ باشقۇرۇش» ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ھەر تۈرلۈك مىللەتلەرنى پەيدا قىلدى. ئەسلى بىز مەدەنىيەت جەھەتتە جۇڭگوغا قارىغاندا تېخىمۇ ساپلىققا ئىگە ئىدۇق، تۈنۈگۈنكى كەچلىك ئولتۇرۇشتا ناخشا ئېيتقان ئۇيغۇر، قازاق، تاتار قىزلىرىنىڭ بىر خىل تىلدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەنسىز؟ بىز خەنزۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ بىر مىللەت، سىلەردە بولسا، شاڭخەيلىكلەر بىلەن گۇاڭدۇڭلۇقلار بىر - بىرىنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيدۇ. ئەمما بىزنىڭ تۈركى مىللىتىمىز ئۈرۈمچىدىن تاكى ئىستانبۇلغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قەدەر بىر ـ بىرىنىڭ مەقسەتلىرىنى چۈشىنەلەيدۇ».

## 8 . جاڭزېمىننىڭ دالاي لاماغا قويغان شەرتلىرىنى قوبۇل قىلالمايمىز

مولى: «سىز بەلكىم جاڭزېمىننىڭ دالاي لاماغا سۆھبەت ھەققىدە شەرت قويغانلىقىنى ئاڭلىغانسىز، ئۇ، دالاي لامانىڭ تىبەت ۋە تەيۋەننىڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىنسا، سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويۇپتۇ، ئەگەر جاڭزېمىن سىلەر ـ شىنجاڭ خەلقىمۇ يۇقۇرقىدەك شەرتنى قويسا ماقۇل بولامسىلەر؟ بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟»

ئەركىن ئالىپتېكىن: «مەن قوبۇل قىلالمايمەن، خەلقىممۇ قوبۇل قىلالمايدۇ، چۈنكى بۇ، تارىخى ھەقىقەتكە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. مەن جۇڭگو تارىخىنى ئوقۇغان، مەسىلەن: «خەننامە» «تاڭنامە» لەرنىڭ تەرجىمىسىنى. مىلادىدىن ئىلگىرى 104 ـ يىلدىن 751 ـ يىلغىچە جۇڭگو شەرقىي تۈركىستانغا قارىتا 6 قېتىم تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ يۈرۈش قىلغان ئىكەن، لېكىن مۇشۇ 855 يىل جەريانىدا جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستاننى سورىغان ۋاقتى ئارانلا 157 يىل ئىكەن، مىلادى 751 ـ يىل جۇڭگو بىر گېنىرالنى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىپ يەنە ئىشغال قىلىپتۇ. ئۇ چاغدا گېنىرال بىلەن ئەرەپلەر ئۇرۇشۇپ، ئۇرۇشتا ئۇنى مەغلۇپ قىپتۇ. نەتىجىدە تاكى 1759 ـ يىلغا قەدەر جۇڭگو شەرقىي تۈركىستانغا ئاياق ئىزى قىلالماپتۇ؛ بۇ تارىخنى مەن يازغان ئەمەس، بۇنى ـ ئەرجۇڭگولۇقلار ئۆزەڭلار يازغان تارىخ».

مولى: «ئاڭلىسام دادىڭىز ئىلگىرى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت قىلىپ كەپتىكەن، سىزنىڭمۇ تەيۋەن بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز بارمۇ؟ بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟»

ئەركىن ئالىپتېكىن: «بىز 1949 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىپ، ھىندىستانغا كەلگەنلىن كېيىن، جاڭ جېشى دادامنى تەيۋەنگە تەكلىپ قىلغان. لېكىن دادام: «بۇ، ناھايىتى ياخشى گەپ، ئەمما سىز ھازىر دۆلىتىڭىزدىن ئايرىلىپ قالدىڭىز، بىزمۇ دۆلىتىمىزدىن ئايرىلدۇق. ئەمما بىزنىڭ دۆلىتىمىزدىن ئايرىلىشىمىزغا پەقەت سىلەرلا سەۋەپچى، ئەگەر سىمۋول خاراكتىرلىك بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلساڭلار، مەن سىلەر بىلەن ھەمكارلىشىمەن» دىگەنىكەن. لېكىن جاڭ جېشى قوبۇل قىلمىغانىكەن. شۇڭا تەيۋەن بىلەن تېخى بۈلتۈر 2 ـ ئايدا مۇناسىۋەت باغلىدۇق».

مولى: «نېمە ئۈچۈن بۈلتۈردىن باشلاپ تەيۋەن بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتىڭلار؟»

ئەركىن ئالىپتېكىن: «ئەينى چاغدا بىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا «ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى» يىغىنىنى ئاچقىنىمىزدا، مەن مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئىدىم، تەيۋەندىكى دىموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيىسىمۇ بۇ يىغىنغا قاتناشقانىدى. شۇ چاغدا دىموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيىسىدىكىلەر مېنى تەيۋەنگە بېرىپ، بىر قىسىم گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە پارلامېنت باشلىقلىرى بىلەن سۆھبەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، ئەمما مەن شۇ چاغدا. تەيۋەن مۇستەقىل بولىمەن دەيدىكەن. چوقۇم ئاساسى قانۇنغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش كېرەك، دىگەنىدىم. بۇ قانۇن 1947 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا: بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان تىبەت، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىقلار جۇڭگوغا تەۋە، دىيىلگەن ئىدى».

مولى: «يېقىندا بىر قىسىم دىموكراتىك زاتلار جۇڭگودىكى ئۇيغۇر، تىبەت ۋە موڭغۇل قاتارلىق

ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بىر پارتىيىلىك مۇستەبىت كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى بىرلىكتە ئورۇنلاش ھەققىدە مۇراجەت ئېلان قىلدى. ناۋادا كوممۇنىستىك ھۆكۈمەت ئاغدۇرۇلسا ، ھەممە مىللەت تىنچلىقتا بىرگە ياشاشتىن ئىبارەت فېودال جوڭگو قۇرۇشنى ئۈمۈت قىلىدىكەن. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ »

ئەركىن ئالىپتېكىن: « ئەلۋەتتە، بۇنداق ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا بولىدۇ ، مەن تەيۋەنگە بارىدىغان چېغىمدا بۇ ھەقتە تەكلىپمۇ بەرگەندىم ، بۇلتۇر ئۆكتەبىردىكى ئامېرىكا كولۇمبىيە داشۆسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىدا بىز پرىنسىپ جەھەتتىن بىر تەشكىلات قۇرۇشقا ماقۇلمۇ بولغان ئىدۇق، مەبلەغنى تەيۋەن تەرەپ چىقىرىدىغان بولغانىدى، لېكىن فىدراتسىيە مەسىلىسىگە كەلگەندە بىز مەملىكەتتىكى خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلالمايمىز ، بەلكى بۇ بىرىنچى قەدەمدۇر. مەن دىمگوراتىك زاتلارغا دېگەن ، مەسىلەن، ۋۇخۇئېردا. ۋېي جىڭشېڭ ، ۋاڭدەن ۋە يانچىياچىلارغا: ئەگەر سىلەر دىموكراتىيە دەيدىكەنسىلەر، « كىشىلىك ھوقوقىنى ھۆرمەت قىلىش ، قانۇن ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش » دىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىگە ئەمەل قىلىشىڭلار كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر سىلەرنى قوللىمايدۇ. نەتىجىدە نۇرغۇن مەسىلىلەر ئوتتىغا چىقىدۇ. بىر دىموكراتىك جوڭگودا خۇددى يۇگوسلاۋىيەدىكىدەك مەسىلىلەر يۈز بېرىدۇ ».

(بېشى 99 - بەتتە)

بولسىمۇ يەنە ئازراقمۇ بىكار قويماي يەنە ئىشقا بۇيرىيدۇ.

ئېتىزدىن چىققان مەھسۇلاتلارنى بولسا، سۇ پۇلى، يەر پۇلى، ئۇ پۇل، بۇ پۇل دەپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇندىن ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان زېمىنلىرىگىمۇ ھەر يىلى « زېمىن پۇلى » دېگەندەك ھەر خىل سېلىقلارنى سېلىپ، ئۇلارغا جېنىنى ئاران باققۇدەك نەرسىنى قالدۇرۇپ، قالغانلىرىنى بولسا پۇل شەكلىدە ھۆكۈمەتكە يىغىۋالىدۇ. لېكىن ئىچكىرىدىن چىققان خىتايلارغا ئۇنداق ئىشلار يوق.

ئەگەر بىرەر خىتاي بىرەر ئۇيغۇرنى بوزەك ئەتكەن بولسا، ھۆكۈمەت ئالدى - كەينىنى سۈرۈشتۈرمەي ئۇيغۇرنى ساقچى مەھكىمىسىگە ئاپىرىپ، « ئۇلار بۇ يەرگە مېھمان، ئۇلارغا ئارتۇق چېقىلما، مىللەتلەر ئىتىپاقلىقى موھىم...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن تەنبىھ بېرىپ يولغا سالىدۇ.

مەكتەپلەردە ھەر بىر سىنىپتىن بىرەردىن ئوقۇغۇچىنى پۇلغا قىزىقتۇرۇش ياكى باشقا خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۆز مىللىتىمىز ئىچىدىن مۇناپىق تەربىيلەپ چىقىدۇ، ئۇنداقلارنىڭ ئاساسلىق كۆزىتىش نىشانى - ناماز ئوقۇيدىغان، ۋەتەنگە ۋە مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى كۆپرەك قىلىدىغان ساۋاقداشلىرى بولىدۇ.

# ۋاڭ لېچۇەنگە رەددىيە

**ئەخمەت ئىگەمبەردى**

(ئاۋۇستىرالىيە)

خىتاينىڭ « جۇڭگشىن شىجېي » ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى لى دېخۇانىڭ 30 - نويابىر كۈنى ئۈرۈمچىدىن بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پارتىيە كومىتېتى » نىڭ 1 - سېكرېتارى ۋاڭ لېچۇەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، « شىنجاڭ كېلەركى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ » دېگەن تېمىدا سۆھبەت ئېلان قىلغان. ئۇ، سۆھبىتىدە 1978 - يىلدىن ھازىرغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە، بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن — دۆلەت تېررور سىياستى كونتروللىقىدا ئېلىپ بارغان « ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش »، « شىنجاڭنى ئېچىش » سىياسەتلىرى نەتىجىسىدە « شىنجاڭدا ئاسمان - زېمىننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكۈدەك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا يېڭى بىر قىياپەت نامايەن بولىدىغانلىقى » نى قېن - قېنىغا پاتماي سۆزلەپ كەتتى.

ۋاڭ لېچۇەننىڭ سۆزىدە: « 17 مىليوندىن ئوشۇق ئاھالىسى بار شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى قۇۋۋىتى ئېشىپ، ئۆتكەن يىلقى ئىشلەپچىقىرىش ئومومى مەھسۇلات قىممىتى. 1978 - يىلغا قارىغاندا 6 ھەسسە ئاشقان، مالىيە كىرىمى 10 مىليارت يۈەندىن ئوشۇق بولۇپ، 14.5 ھەسسە ئاشقان... شىنجاڭدا خام نېفت مەھسۇلاتى — ئۆتكەن يىل 16.30 مىليون تونناغا يېتىپ، تەبى گاز مەھسۇلاتى 2 مىليون كۇپمېتىردىن ئاشقان. 2000 - يىلى خام نېفت مەھسۇلاتى 25 مىليون تونناغا يېتىشى مۇمكىن. 93 - يىلدىن باشلاپ ئىشلەپچىقىرىش ئومومى مەھسۇلاتى بىر سەكرەپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتكەن. بۇ يىلقى مەھسۇلات 12 مىليون تونندىن ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئومومى مەھسۇلاتىنىڭ 3 دىن بىر قىسمىنى ئىگەللەيدۇ » دېدى.

راستىنلا شەرقىي تۈركىستاندا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئەمما بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ كىمنىڭ پايدىسى ھەم كىملەرنىڭ زىيىنىغا ئۆزگەرگەنلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلىنىڭ ماھىيىتىمۇ مانا مۇشۇ يەردە: كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىچىلىك سىياستىنىڭ مەخسىدى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قۇرۇق ئاپتونومىيە ۋەدە قىلىپ، ئۇنىڭ بارلىقىنى تارتىۋېلىش ئىدى. 20 يىل مابەينىدە خىتاي باسقۇنچىلىرى قوش زەھەرلىك مۇستەملىكىچىلىك پىلانىنى يۈزدە - يۈز ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، جانابى ئاللاھ مىللىتىمىزگە ئىنئام قىلغان يەر ئاستى - يەر ئۈستى تۈگىمەس بايلىقلارغا تولغان، گۈزەل تۇپرىقىمىزنى، مىللىتىمىزنىڭ تارىخى دۈشمىنى بولغان خىتاي باسقۇنچىلىرى تارتىۋېلىپ، ئۇ يەردە مۇستەملىكىچى - باسقۇنچىلار؛ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قان - تەرلىرى ھېساۋىغا ئۆزلىرىنىڭ جەننىتىنى قۇرغانلىقى راست! بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلمىغان خىتاي باسقۇنچىلىرى، بۈگۈن مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن،

سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، دىنىي، مەدەنىيەت ساھەلىرىدە بىزنى نادان، قاششاق ھالەتتە قالدۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتىدۇ؛ بىزنى مىللەت تەرىقىسىدە ئانا تۇپرىقىمىز شەرقىي تۈركىستاندىن سۈپۈرۈپ تاشلىماقچى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت تېررورىنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ...

قېنى بىز ۋاڭ لېچۈەندىن سوراپ باقايلى: 20 - يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي دارامىتى قانچىلىك ئۆسۈپ، بۇ ئۆسكەن دارامەتنىڭ قانچە پىرسەنتىنى يەرلىك خەلقنىڭ مەدەنىي - مائارىپ، سەھىيە، پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلەتتىڭلار؟ يېقىنقى يىللاردا ئېنىقلانغان، شەرقىي تۈركىستاندىن ناھايىتى كۆپ مىقداردا نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە باشقا بايلىقلارنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇ بايلىقلارنىڭ قانچىلىكىنى جەنۇبتىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا، يەنى كەمبەغەللىكنىڭ ئەڭ تۆۋەن باسقۇچىدا ياشاپ، يېگىلى نان يوق، ئۈستىگە يېپىنغىلى يوتقان يوق، كەپىلەردە سامانىنىڭ ئاستىدا يېتىپ - قوپۇۋاتقان بىچارىلەرگە ئىشلەتتىڭلار؟

بۇ ھەقتە ۋاڭ لېچۈەن ھېچ نەرسە دېمىدى ھەم دېيەلمەيدۇ.

شەرمەندىلىكتە ئۇچىغا چىققان بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ، ھەتتا خەلقئارا دۇنيا بانكىسىنىڭ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىمىزنىڭ سۇ، يەر مەسىلىلىرىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ياردەم بەرگەن بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرىنى ئېغىر ئەھۋالدا قالغان دېھقانلىرىمىزغا بەرمەي، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ كۆشەندە بىڭتۇەنگە بېرىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى قان - يىغلىتىۋاتقان لاۋگەيدۇيلەرنى، تۈرمىلەرنى قۇرۇشقا، بىڭتۇەننى قوراللاندۇرۇۋېلىشقا ئىشلەتكەنلىكىنى، 1996 - يىلى ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا پەرھات مۇھەممىدى، ئابلاجان لەيلى نامان باشلىق ئىككى ۋەتەندىشىمىزنىڭ پاش قىلىشى بىلەن پۈتۈن دۇنيا ئالمىسى ئالدىدا رەسۋايى جاھان بولغانلىقى، ھېلىمۇ يادىدا باردۇر؟!

ۋاڭ لېچۈەن، ئۇ ماختانغانلىرىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان يەرلىك خەلققە نېمە پايدىسى بار؟ بىز ئۇچۇن ئۇ بىر تىيىن: ۋاڭ لېچۈەننى رەت قىلىمىز ھەم لەنەتلەيمىز!...

ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە، بۇرۇن شىنجاڭدا تۆمۈر يوللار ئاز بولۇپ، ئەمدى قوش رېلىسلىق تۆمۈر يوللار قۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولۇپ قالغىنىنى، زامانىۋى يۇقۇرى سۈرئەتلىك تاش يوللارنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، خىتاي بويىچە ئۈرۈمچى ئايرىدۇرومىنىڭ 5 - چوڭ ئايرىدۇرۇم بولغانلىقىنى ئاغزىنى كۆپتۈرۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ تۆمۈر يول، تاش يوللار، ئاشۇ ئايرىدۇرۇملار قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستان خەلقى نىسبەتەن ئەركىن - ئازادە، تېنىچ - خاتىرجەم، بىر قەدەر توق، خۇشال - خۇرام ياشايتى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قان - تەرى ھەم ئۇنىڭ بايلىقىغا يۆلىنىپ سېلىنغان تۆمۈر يوللاردىن نۇرغۇنلىغان ئاچ خىتاي كۆچمەنلىرى چېقىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆز ۋەتىنىدە ئاز سانلىققا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ھوقۇقسىز 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك گەرەژدانلارغا ئايلاندۇردى: بۇ قوش رېلىسلىق تۆمۈر يول، يۇقۇرى سۈرئەتلىك تاش يول، ھاۋا يوللىرىدىن كومۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ پايدىلىنىپ، كۈندە دېگەندەك نەچچە ئون مىليارد دوللارلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى، يەر ئۈستى

www.uyghurkitap.com



بايلىقلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇپ كېتىپ بارىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىققان، ئادەم ئۆلتۈرۈپ خوردا بولۇپ كەتكەن قاتىل، بۇلاڭچى، ئوغرى قاتارلىق مەھبۇسلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى جاق تويغازدى... بۇ يوللار شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بەخت كەلتۈرگىنى يوق، ئەكسىچە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق ھەركەتلىرىنى باستۇرىۋاتقان، «نامى ئۆلۈك» خەلق ئارمىيىسىنىڭ جاللات قوشۇنلىرىنى، ئۇلارنىڭ لەنەت تەككۈر تانكىلىرىنى ئېلىپ چىقىۋاتىدۇ. بۇ قانخور قوشۇنلار، بۇ ياۋۇز تانكىلار ئارقىلىق «بارىن ئىنقىلاۋى» ۋە ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قوزغىلاڭلىرىنى، غۇلجا ئىنقىلاۋىنى قانلىق باستۇرغانلىقىنى ھېچكىم ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. بېيجىڭنىڭ دۆلەت تېررورى ئاستىدا ياشاۋاتقان ھەر بىر تۈركىستانلىق، ھەر مىنۇت ھەر سىكۇنتتا ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان بالايى ـ ئاپەتلەرنىڭ مەنبەسىنى ھازىر ئوبدان بىلىدۇ.

1957 ـ يىلى «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى» نىڭ 6 ئايغا سوزۇلغان «ئىستىل تۈزۈتۈش» ھەم «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى ۋاقتىدا، مىللىتىمىزنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك پەزىلىتى بىلەن ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى ئىپادىلىگەن، بىزنىڭ پىشقەدەم جامائەت ئەربابىمىز، ئاجايىپ قەھرىمانىمىز ھەم ئاتاغلىق يازغۇچىمىز زىيا سەمەدىي جاناپلىرى، «تۆمۈر يول كەلسە شەرقىي تۈركىستانغا بالايى ـ ئاپەت كېلىدۇ» دېگەندە، بىزنىڭ بىر قىسىم گول، ئاخماق كادىرلىرىمىزنىڭ ۋاڭ ئىنماۋنىڭ قۇرۇق ۋەدە، يالغان تەشۋىقاتلىرىغا ئالدىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇنداق ئىدىن كۆرەر، ئۇلۇق كىشىلىرىمىزگە ئۆزلىرى ئورا قازدى. لېكىن بۇ ئورىغا ئۆزلىرىمۇ چۈشتى... رەھىمسىز ھايات رىياللىقى بۈگۈن شۇنى كۆرسەتتىكى، بۈگۈن پىشقەدەم ئاقساقاللىرىمىزنىڭ 42 يىل بۇرۇن كۆرسەتكەن بىشارەتلىرى يۈزدە ـ يۈز توغرا بولۇپ چىقتى...

ئەمدى بۈگۈن پۈتۈن بالايى ـ ئاپەت شەرقتىن كەلگەن يەجۇجى ـ مەجۇجى ئاتلىق «سېرىق ئەجدەرھا» ھەم ئۇنىڭ قورغان تاپان ـ توزاقلىرىدىن كېلىۋاتىدۇ....

ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئاغزىدىن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ماختاۋاتقان ئالەمشۇمۇل غەلبىلىرى، پەقەتلا ئاشۇنىڭغا ئوخشاش مۇستەملىكچىلەرنى خوش قىلىدۇ، خالاس!

ئۇ يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ: «بۇرۇن شىنجاڭدا رەتكە ئۆتكىدەك شەھەردىن بىرسىمۇ يوق ئىدى، مانا ھازىر ئۈرۈمچىدەك زامانىۋى، ئىقتىدارغا ئىگە كاپىتال چوڭ شەھەر بارلىققا كەلگەندىن سىرت، يەنە بىر تۈركۈم پاكىزە ھەم چىرايلىق كىچىك شەھەرلەر تەگرى تېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغا كەڭ تارقالدى» دېدى.

راست، كىچىككىنە ئۈرۈمچىنىڭ بۈگۈن ئاسمانغا بوي تالاشقان ئىمارەتلەر بىلەن توشۇپ، شۇنچە كەڭ كەتكەن كوچىلىرىدا مىغىلداپ كېتىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرى ئارىسىدا بىرەر «لوۋىنى» كۆرمىگەنلىكى، ۋاڭ لېچۈەنگە قانچىلىك خۇشاللىق كەلتۈرسە، بىزگە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئازاپ ـ قايغۇ بېغىشلايدۇ...

تېخى 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىلا ئۈرۈمچىگە خىتاي كومۇنىستلىرىنىڭ جوت ئايىغى تەگمەستىن بۇرۇن، ئۈرۈمچىدە بارى ـ يوق ئاھالە 100 مىڭغا يەتمەيتتى، بۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەگىنى شەرقىي تۈركىستانلىقلار تەشكىل قىلاتتى. ئەمدى شۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ 95% نى تېخى يېقىندىلا كەلگەن كۆچمەن خىتايلار تەشكىل قىلىدۇ. ۋاڭ

لىچۇەننىڭ ماختىغان نەچچە ئون قەۋەت بىنالاردا يەرلىك خەلق ئەمەس، بەلكى تېخى تۈنۈگۈنلا ئىچكىرىدىن شەرقىي تۈركىستانلىقنى بولاپ، يەرلىك خەلقنى قۇل قىلىشنى قەستلەپ چىققان باسقۇنچى خىتايلار ياشاۋاتىدۇ، كوچىلاردا ماشىنىلارنىڭ شۇنچە كۆپلىكىگە ھەيران قالىسىز، لېكىن بۇ ماشىنىلاردا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قانلىق باستۇرۇپ، ئۇلارنى بۇلاپ ـ تالاۋاتقان خىتاي ھەربىي ئەمەلدارلىرى ئولتۇرۇپتۇ...

ئۇيغۇرلار ۋە باشقىلارچۇ؟ بىپىجىن ۋە ۋاڭ لىچۇەننىڭ مىللىي ئاسسىمىلاتسىيە ۋە مىللىي قىرغىنچىلىق . دۆلەت تېرور سىياستى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدىنى ـ مۇئارىپتىن چەتلەشتۇرۇپ، ئۇلارنى قاراڭغۇلۇق، جاھالەت، نادانلىق، قاششاقلىقتا قالدۇردى... ۋاڭ لىچۇەننىڭ ماختىنىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بەرگەن ئاپتونومىيەسى ھەم داۋاملىق ۋاقىرايدىغان تەڭلىك، بارابەرلىك، ئىتپاقلىقنى تەكىتلەيدىغان «مىلىي سىياسەت» نىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە كەلتۈرگەن بەخت ۋە ئامىتى شۇ...

ۋاڭ ئەپەندى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا خىتاي ھۆكۈمرانلىرى دائىم تەكرارلايدىغان «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالاھىدە ستراتېگىيلىك رايون» ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتمىدى. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان ئاسىيانىڭ قەلبىگە جايلاشقان. ھەقىقەتەن ئالاھىدە ستراتېگىيلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇزچىلىق غەرىزى بىلەن كۆز سېلىپ كەلگەن خىتاي باسقۇنچىلىرى شەرقىي تۈركىستاننى بازا قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپالارغا كېڭىيىشنى ئۆزىنىڭ باسقۇنچىلىق سىياسىتىنىڭ ئاساسى مەخسىدى قىلىپ كەلگەن.

بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاننى بېسىپ ياتقان خىتاي باسقۇنچىلىرى بۇ غەرەزدىن مۇستەسنا ئەمەس، بەلكى شۇ سوۋېتقەستلىك پىلانىنى ئاكتىپ ئورۇنلىغۇچى ئاۋانگارتلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار 50 يىلدا ئوتتۇرا ئاسىيانى، 100 يىلدا شەرقىي ياۋروپانى ئۆزلەشتۈرۈش دىگەن سوۋېتقەستلىك پىلانىنى قەپەزدىن بىكارغا چىقارمىغان...

ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا 2 مىليوندىن ئوشوق دۆلەت مۇداپىئە قوشۇنلىرىنى پۈتۈن چېگرىغا يەرلەشتۈرگەن بولسا، 3 مىليوندىن ئوشوق خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بىۋاستە كونتىروللۇقىدىكى تولۇق قوراللانغان «ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۈەنلىرى» نى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممىلا يەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلىق يۈرۈشى ئۈچۈن پەيت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ئەڭ موھىمى، 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا ئاتوم قوراللىرىنى سىناق قىلىدىغان ئاتوم پولىگونتى قۇرۇپ، 46 قېتىملىق ھەر تۈرلۈك ئاتوم سىناقلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ سىناقلاردا 260 مىڭ بىگۇنا شەرقىي تۈركىستانلىق رادىئاكتىپ نۇرنىڭ قۇربانى بولدى.

ئاتوم پولىگونتى شەرقىي تۈركىستان ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ تېنچ ـ ئامانلىقى ۋە خاتىرجەملىكىگە تەھدىت سېلىپ، ھازىرمۇ ئىتىلىپ تۇرۇپتۇ.

ۋاڭ لىچۇەننىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ستراتېگىيلىك ئەھمىيتىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنلىكىنىڭ مەخسىدى، ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى قوروقماستىن بازارغا سېلىپ، شەرقىي تۈركىستان ۋە دۇنيا خەلقىگە ئاتوم پوپوزىسىنى قىلىشتۇر...

يۇقۇرىدا ۋاڭ لىچۇەننىڭ ئىيىتقانلىرىدىن شۇنى كۆردۇقكى، ھەر بىر شەخس، گورۇھ، مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان مەخسىدى ھېساپ ـ كىتاۋى

بار.

ۋاڭ لېچۈەننىڭ ھېساپ كىتاۋى ـ نەق بېيجىن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكچىلىك سىياسىتى ۋە جانجان مەنپەتگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ ھېچقاچان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مەنپەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ ۋە قىلغان ئەمەس.

كومۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلۇم ـ ئىسكەنجىسى شەرقىي تۈركىستانغا يەتكەن كۈندىن باشلاپ، بېيجىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تارىخى دۈشمىنى ھېساۋىدا كۆرۈپ، قېلىچىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان. ۋاڭ، جوڭ، سۇڭ ۋە باشقا تۈرلۈك ناملاردىكى كاللا كېسەر جاللاتلىرىنى ئېۋەتتى، ئۇلارنىڭ ناملىرى گەرچە ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندا ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان، پەقەت بۇرۇنقىلاردىن پەرقى قىزىل بولغان خىتاي كومۇنىست ئىمپىريالىزىمىنىڭ چېكىدىن ئاشقان شوۋىنىست (چوڭ خىتايچىلىق)، جاھانگىرلىك سىياستىنى ئاساس قىلغان، ئاسسىمىلاتسىيە، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياستىنى بۇرۇنقىلىرىدىن ئۈتكۈزۈۋەرەك يۈرگۈزۈۋاتىدۇ.

نامى يۇقۇرىدا زىكرى قىلىنغان ۋاڭ لېچۈەن ئىسمىلىك بۇ جاللات، بۇنىڭدىن خېلى يىللار بۇرۇن شەرقىي تۈركىستانغا 4 مىڭ كىلومېتىردىن ئوشۇغراق بولغان خىتاينىڭ شەرقىدىكى ئەڭ يىراق سەندۇڭ دىگەن ئۆلكىسىدىن بايلىق ۋە ئەمەل تاماسى، ئاچلىقى بىلەن كەلگەن ئىدى.

سەندۇڭ ۋە باشقا يەرلەردە شۇنچە ئۇزۇن يىللار ئىشلەپ يانچۇقى تولمىغان ۋاڭ لېچۈەن، شىڭ شىڭشادىن ئۆتۈپلا كۆپ ئۆتمەي يانچۇقلىرى ئەمەس، ساندۇقلىرىمۇ تولدى...

ۋاڭ لېچۈەن سۇڭ خەنلىياڭ ۋاقتىدا مۇئاۋىن سېكرېتارلارنىڭ بىرى ئىدى، سۇڭ خەنلىياڭ تەكلىماكاندىن چىقىۋاتقان نېفىت ۋە تەبىگازنىڭ شۇنچە كۆپلىككە قارىماي، تارىم بويىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، « ئەتە ـ ئۆگۈن ئاچ قالغان بۇ ياۋايىلاردىن ھاكىمىيىتىمگە قارشى بىرەر ئىش چىقمىسۇن » دەپ، « نېفىتنىڭ بىر قانچە پىرسەنتلىك پايدىسىنى ئۇلارغا بىرەيلى » دىدى ـ دە، بېيجىننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن نەچچە ۋاقىتتىن ۋاڭ لېچۈەننىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلىۋاتقان زالىملىقىنى كۆزۈتۈپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىپ تۇرغان بېيجىن، جاللاتلىق قىلىچىنى ۋاڭ لېچۈەنگە تۇتقۇزۇپ، ئەجدىھا بېشىغا « بېيجىننىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكمىرانى » دىگەن قالپاقنى كىيگۈزدى.

ۋاڭ لېچۈەن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلغان قانلىق جىنايەتلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بۇلاپ ـ تالاشتا يېڭى ـ يېڭى سىلىق ـ ئالۋاڭلارنى، ئەمىر ـ پەرمانلارنى چىقىرىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چىدالماس بىر ھالغا ئەكېلىپ قويىدى. ئۇ 3 مىڭ يىلغا يېقىن تارىخى بار قەشقەرنىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ مىڭ يىللاردىن بۇيان ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مىراس بولۇپ كەلگەن يەرلىرىنى ، جايلىرىنى ھۆكۈمەتكە پۇل تۆلەپ سېتىۋىلىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ. بولمىسا ئۇ جايلاردىن مەجبۇرى ھالداكۆچۈرۈپ، كۆچمەن خىتايلارنى ئورۇنلاشتۇرىۋاتىدۇ. سانائەت، ئېنىرگىيە، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، ھوقوق، ھۆكۈمەت ۋە باشقا بارلىق ئىدارىلار خىتايلارنىڭ كومۇنىست دىكتاتورلىقىغا مەركەزلىشىپ بولدى. ئۇيغۇرلارنى ئەڭ چەت، كەمبىغەل رايونلارغا قىستاپ، ئۇلارنى ئۆز ۋەتەنلىرىدە چەتتىن كەلگەن

مۇساپىرلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ھۆكۈمەت مەجبۇرى يوسۇندا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى پەقەتلا خىتاي سودىگەرلىرى ۋە فابرىكىچىلىرى ئۈچۈن پاختا تېرىشقا زورلاۋاتىدۇ.. ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشنى بىكىتىۋەن ۋە خىتايلارلاغا بەردى. ئۇيغۇرلار كۈندىلىك تۇرمىشى ئۈچۈن كۆكتات تېرىشىمۇ يول قويماي، جەرىمانە قويىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار باشلىق ئازسانلىق مىللەتلەرنى خىزمەتلىرىدىن ھەيدەپ، يىراق يېزا - سەھرا، تاغلارغا ھەيدەۋاتىدۇ. چەتتىن كەلگەن 100 مىڭلاپ خىتاي كۆچمەنلىرىگە ئىش بار، لېكىن يەرلىك مىللەتلەرگە ئىش يوق. ئىشسىزلىق ھەممە يەرنى قاپلاپ تۇرۇپتۇ.

بېيجىن كۆرۈستىپ بەرگەن ئاسسىملاتسىيون ھەم ئېرقىي قىرغىنچىلىق سىياستىنى يۈرگۈزۈشتە ۋاڭ لېچۈەن خىتايدىكى پۈتۈن ئۆلكىلەرنىڭ «ئالدىدا». يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مائارىپى، مەدەنىيتى، سەھىيەسى ئۇجۇقتۇرۇلىۋاتىدۇ. ئىسلام دىنىمىز بېيجىن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا قالدى، دىنىي پالىيەتلىرىمىز توختىدى، ناماز ئوقۇغانلارنى جازالاۋاتىدۇ...

شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋاڭ لېچۈەنگە ئوخشاش قەبىھ جاللاتلارنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. ئۇلاردىن چوقۇم بىر - بىرلەپ ھساپ ئېلىنىدۇ.

ۋاڭ لېچۈەن سۆھبىتىنىڭ ئاخىرىدا ئىنتايىن كۆرەڭلىگەن ھالدا: «شىنجاڭدا كېيىنكى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 10 يىلىدا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا بىر مەنزىرە نامايەن بولىدۇ» دېدى، ئىنشائاللاھ، تارىخ ۋە دەۋرىمىز ئاجايىپ ئۆزگۈرۈشلەرگە باي. تارىختا نى - نى سۇلالىلەر، نى - نى خانلار ئۆتمىدىمۇ؟ تۈنۈگۈنلا دۇنياغا پاتماي، قۇتىراپ تۇرغان سوۋېت ئىمپىرىيەسى ئۆز خارابىسىدا 10 دىن ئوشۇق مىللىي دۆۋلەتلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا زېمىن بەردى. بۈگۈنكى كومۇنىست خىتاي ئىمپىرىيالىزىمىنىڭ ئەتىكى قارا تەقدىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس! «ئوسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ. سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ» دەپ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنىڭ يېقىنقى قانلىق تارىخىدا تالاي ياڭ، جىڭ، شىڭ، ۋاڭ، جاڭلار ئۆتكەن ئىدى. «زالىمنىڭ زاۋالى، ئۆز قىلمىشى بىلەن»، ۋاڭ لېچۈەندەك زەھەرخەندە ئەبلەخلەرمۇ ئۆتىدۇ - كېتىدۇ. ئىنشائاللاھ شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، بۇ ياۋايى ھايۋاندەك قۇترىغان ۋاڭ لېچۈەندەك بېيجىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جاللاتلىرى لەنەت تاختىسىغا مىخلىنىپ، تارىخ ئالدىدا ئۆزىنىڭ قانلىق جىنايى قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىدۇ. ئاقۋاش تەڭرىنىڭ ئىككى قاسىنغىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ غەلبە، تەنتەنە سادالىرى قاپلايدۇ...

1998 - يىلى دېكابىر (ئادېلايدىي - ئاۋستىرالىيە)

(بېشى 71 - بەتتە)

قويىدى.

(جوڭگياڭ رىباۋ 1999 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى)

. بۇنداق شارائىت ئاستىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلىشنىڭ ئورنى قالمىدى. پەقەت غەرپ دۇنياسىغا مۇراجەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىش تېخىمۇ پايدىلىق بولۇشى مومكىن.

# «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» ـ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي كۈرەشلەرنىڭ مەھسۇلى

ئۆمەرجان شاھيارى
(سىياسىي مۇلاھىزە)

بارىن ئىنقىلاۋى يۈزبەرگەندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە بولغان قىسقىغىنە 10 يىل جەريانىدا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى مىللىي كۈرىشىدە غايەت زور تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىپ، بۇخىل كۈرەشلەر ئىلگىرىكى قىسمەنلىكتىن ئومۇملىققا، تار دائىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغان مەھەللە ۋە رايون خارەكتىرلىك ھەرىكەتتىن، پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى قاپلىغان ۋە شۇنداقلا ھەممە ساھەنى ئۆزئىچىگە ئالغان ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتىگە قاراپ يۈزلەندى. مىللىي كۈرەشلەرنىڭ شەكلىمۇ تەرەققىي قىلىپ؛ قوراللىق كۈرەش بىلەن تېنىچلىق شەكلىدىكى كۈرەش بىر- بىرىگە ماسلاشقان ۋە بىر- بىرىنى قوللىغان ھالدا تەرەققىي قىلدى. شەرقىي تۈركىستاندا ھېچبىر كۈچ توسالمايدىغان دەرىجىدە كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە ئۇلغىيىۋاتقان مىللىي ھەرىكەتلەر، شەرقىي تۈركىستاندا ئومۇمىي يۈزلۈك بىرمىللىي ئويغۇنۇشنىڭ بارلىققا كېلىشىدە تۈرتكۈلۈك ۋە ھەل قىلغۇچ موھىم رول ئويناپلاقالماستىن، بەلكى ۋەتەن ئىچىدىكى بۇ كۈرەشلەر ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي مۇجادىلىمىزگىمۇ بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي مۇجادىلىمىزنىڭ ئىنتايىن تىز تەرەققىي قىلىشىدا پەۋقۇلاددە موھىم رول ئوينىدى.

ۋەتەن ئىچىدىكى مىللىي ھەرىكەتلەر ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان خەلقىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزنىڭ مىللىي روھىغا بىۋاستە ئىلھام بېرىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسىنىمۇ زوردەرىجىدە ئاشۇردى. مەسلەن يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ ئورتاق غايە ۋە مەقسەت بىلەن بىرىيەرگە جەم بولۇپ، «دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى» نى بارلىققا كەلتۈرۈشى ـ دەل بۇنىڭ جانلىق ئىسپاتىدۇر.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ۋەتەن سىرتىدا خەلقىمىز كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ياشلارھەرىكىتىدە خېلى ئۇزۇن بىرمەزگىلگىچە ھەرىكەتسىزلىك ۋە پاسسىپلىق ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن ئىدى، ياشلارھەرىكىتىنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسىمۇ چېچىلاڭغۇ ۋە جانسىزئىدى، توغرىسىنى ئېيتساق، ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي مۇجادىلىدە ياشلىرىمىز خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەۋجۇتلىقىنى پەقەتلا كۆرسىتەلمەي كەلگەن ئىدى. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي كۈرەشنىڭ بىردىنلا شىددەت بىلەن كۈچىيىپ كېتىشى ۋە بۇھەرىكەتلەرنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى ۋە ئالدىنقى سېپىنى پۈتۈنلەي ياشلارنىڭ تەشكىل

قىلىشى - ۋەتەن سىرتىدىمۇ شەرقىي تۈركىستان ياشلار ھەرىكىتىنىڭ بىردىنلا جانلىنىپ كېتىشى ۋە كۈچىيىشىدە ھەل قىلغۇچ موھىم رول ئوينىدى. بولۇپمۇ ۋەتەن ئىچىدىكى مىللىي كۆرەشلەر جەريانىدا سانسىزلىغان ياشلىرىمىزنىڭ ۋەتەن - مىللەت يولىدا قىممەتلىك ھاياتىنى قۇربان قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەن ئالدىدا ئۆلۈمگە قىلچە پىسەنت قىلمايدىغان جەڭگىۋار روھىنى نامايەن قىلىشى، ۋەتەن سىرتىدىكى ياشلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىنى. جاسارىتىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇردى. مانا شۇنىڭ ئىلھامى بىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى جىددىي تۈردە تەشكىلاتلىنىپ، بىر- بىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ ۋە ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەن ئىچىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلار ھەرىكىتىگە يېقىندىن ماسلىشىش مەقسىتىدە، 1996 - يىلى 11 - ئايدا پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ۋەكىللىرى گېرمانىيىنىڭ ميونخېن شەھىرىگە يىغىلىپ، تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە تۇنجى نۆۋەتلىك «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ئېچىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىن بىرلەشكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنياغا رەسمىي جاكالىدى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتاي، ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ رەسمىي تەشكىلاتلىنىشقا، مۇنتىزىملىشىشقا ۋە سېستىمىلىشىشقا قاراپ ئاتقان تۇنجى قەدىمى ئىدى. بۇقېتىمقى تۇنجى قۇرۇلتايدا، قۇرۇلتاي رەئىسى ئۆمەرقانات ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىدە ھەققىدە توختۇلۇپ: «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىدى - نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى مىللىي كۆرەشلەرگە، جۈملىدىن ۋەتەن ئىچىدىكى ياشلار ھەرىكىتىگە يېقىندىن ماسلىشىش ۋە چەتئەللەردىكى ياشلىرىمىزنىڭ بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ۋەتەن ئىچىدىكى ياشلار ھەرىكىتىگە ئاكتىپ تۈردە ياردەم بېرىش، ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق ساداسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تېخىمۇ لايىقىدا ئاڭلىتىش ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە خەلقئارالاشتۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش، شۇنداقلا ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنى ۋە ياشلار ھەرىكىتىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، قۇرۇلتاي رەھبەرلىك ئورگىنى پۈتۈن دۇنيا· كى ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئومومىي يۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، بىرتەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاندا يۈزبېرىۋاتقان سىياسىي ۋەقەلەرنى ۋە خەلقىمىزنىڭ ساداسىنى غەرب ئەللىرى ۋە ئىسلام ئەللىرىنى ئاساس قىلغان پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئۈزۈۋاقتىدا لايىقىدا ئاڭلىتىشقا تىرىشسا، يەنە بىرتەرەپتىن ئىنتايىن چەكلىك بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستانغا چېگرىداش بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنى بازا قىلغان ھالدا، ۋەتەن ئىچىدىكى مىللىي كۆرەشكە ۋە ياشلار ھەرىكىتىگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشكە تىرىشتى، يەنە شۇنداقلا ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىغا بولغان تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، بارلىق ياشلارنى قۇرۇلتاي ئەتراپىغا توپلاپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نى شەرقىي تۈركىستان ياشلار ھەرىكىتىنىڭ بازىسىغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى. مانا شۇ ئاساستا، 2 - نۆۋەتلىك «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» ، 1998 - يىلى 12 - ئايدا تۈركىيىنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتاي، كۆلىمى، سىياسى تەسىرى، ۋەكىللەرنىڭ سانى جەھەتتىن تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا قارىغاندا تېخىمۇ زور ۋە كۆپ بولدى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى دېموكراتىك ئۇسولدا سايلاپ چىققان 62 نەپەر ياشلار ۋەكىلى قاتناشقاندىن سىرت. يەنە ۋەتەن سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشتىراق قىلدى. دېمەك بۇ، ۋەتەن سىرتىدىكى ياشلار ھەرىكىتىنىڭ ئومۇملىققا ئىگە بولغانلىقىنى، مۇنتىزىملىشىشقا، سىستېمىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى ۋە پەيدىن - پەي ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

بۇيەردە شۇنۇ ئېنىق ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى»، 50 يىلدىن بۇيان ۋەتەن سىرتىدا قۇرۇلغان ئەڭ مۇنتىزىم، ئەڭ سىستېمىلاشقان ۋە تەشكىللى ئاپاراتلىرى بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ئاساسلىق سىياسى ئورگان بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى - ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي قوشۇنىمىزنىڭ ئاساسى سىياسى بازىسىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

«دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» - ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەس، ئۇ، خۇددى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ۋەتەن ئىچىدە ئۈزۈلمەي كۈچلۈك داۋام قىلىۋاتقان مىللىي كۆرەشلەرنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئۇ، ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ ساداسىنىڭ تاشقى دۇنيادىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت.

«دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن، تاشقى دۇنيادىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلار ھەرىكىتىدە بىرقاتار تەييارلىق باسقۇچلىرى بېسىپ ئۆتۈلدى. 90 - يىلى كىرگەندىن بۇيان، ئالدى بىلەن ئامېرىكىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى تەشكىللىنىپ. «تەڭرىتاغ ئوقۇغۇچىلار جەمىيىتى» نى قۇرۇپ چىقتى، ئارقىدىنلا شۋېتسارىيە، گېرمانىيە ۋە تۈركىيىدىكى ياشلار ئورتاق ھالدا «شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىرلىكى» نى قۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ ئورگان گېزىتى «شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى» گېزىتىنى تەسىس قىلىپ. بۇشەكىلدە پائالىيىتىنى داۋام قىلدى، كېيىن يەنە تۈركىيىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ياش ئوقۇغۇچىلار «شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار بىرلىكى» نى قۇرۇپ. تۈركىيىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى» نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاكتىپ ھالدا مىللىي داۋاغا قاتناشتى. ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرۈك جۇمھۇرىيىتىدىكى ياشلارنى ئاساس قىلغان ھالدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى بىرلىشىپ، 1995 - يىلى 10 - ئايدا قازاقىستاندا «تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى مەدەنىيەت كۈنلىرى» پائالىيىتىنى

ئۆيۈشتۇردى، بۇقېتىمقى يىغىندا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى ۋەكىللىرى تاشقى دۇنيادا ئىلىپ بېرىلىدىغان ياشلار ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمى ستراتېگىيىسى ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر ئالماشتۇردى ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە چەتئەلدە بارلىق شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگىنى قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە بىردەك پىكىرگە كەلدى. بۈگۈنكى «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» مانا شۇنداق جەريانلار ئارقىلىق بارلىققا كەلدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» - چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ۋە سىياسى كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۇنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە خەلقئارادا كۈچلۈك سىياسى نوپوزغا ئىگە قىلىش - ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخى ۋەزىپىسى ۋە مىللي ۋىجدانى بورچى. شۇڭا ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق ياش «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» دىن ئىبارەت بۇ سىياسى بازىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللي كۈرەشنىڭ مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى لازىم.

( بېشى 28-بەتتە )

شۇنداق ئېسىل خىسلەتكە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ قوراللىق كۈرەشكە ئاتلىنىشىغا تامامەن خىتاي ھاكىميتىنىڭ چېكىدىن ئاشقان تېرورىستىك ۋە زالىم سىياستى سەۋەبچى بولدى. چۈنكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ ھەققانى تەلىۋىنى تېنچلىق ئۇسۇلى بىلەن كوممۇنىست خىتاي ھاكىميتىگە ئاڭلىتىشقا تىرىشتى، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقىمىزنىڭ تېنچلىق ئۇسۇلى بىلەن ئىلىپ بارغان بۇ ھەرىكەتلىرىگە مىلتىق - زەمبىرەك بىلەن جاۋاپ قايتۇردى، خوتەن ۋەقەسى ۋە غۇلجا ۋەقەسى بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى قىرغىنچىلىق سىياستى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تارىخ سەھنىسىدىن يوقۇلۇپ كېتىش گىرداۋىغا ئەكىلىپ قويىدى، شۇڭا ئۇلار ئاخىرقى ھساپتا قولىغا قورال ئىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللي مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر بولدى، شۇڭا، كوممۇنىست خىتاي ھاكىميتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى «تېرورىست» دەپ ئەيىپلەشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئەينەككە ياخشى قاراپ بېقىشى كېرەك، چۈنكى ئۇلار ئالدىدىكى ئەينەكتىن دۇنيادىكى ئەڭ زور تېرورىستنى كۆرۈش پۇرستىگە ئىگە بولالايدۇ.

1999 - يىلى 8 - ئاي (گېرمانىيە - ميۇنخىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسى » نىڭ بەزى ماددىللىرىغا ئىمزا ئىپتىشىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۆرىشىگە بولغان تەسىرى

ئەركىن ئەكرەم
( تۈركىيە )

## 1. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرى ئەھدىنامىسىنى ئىمزالىشىنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانى

خىتاي ھۆكۈمىتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن 1966 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئېلان قىلىنغان كىشىلىك ۋە سىياسى ھەق - ھوقۇقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئەھدىنامىنىڭ بىرىگە تەخمىنەن 22 يىلدىن كېيىن، يەنى 1998 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى رەسمى ئىمزاقويدى. 1998 - يىلى 3 - ئايدا ئېچىلغان خىتاينىڭ خەلق قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، « كىشىلىك ۋە سىياسى ھەقلەرگە مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق ئەھدىنامە » نى ئىمزالايدىغانلىقى ھەققىدە بىشارەت بەرگەندى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەكىلى روبىسون خانىم خىتاينى زىيارەت قىلدى ۋە خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭزېمىن بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتتى جەريانىدا، خىتاي تەرەپ بۇ ئەھدىنامىنى ئىمزالايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتكە قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتاي دېموكراتىك كۈچلىرى، روبىنسىن خانىمنىڭ بۇ زىيارىتىنى مۇۋاپىقىيەتلىك دەپ قارىدى. 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 53 - قېتىملىق ئومومى يىغىنىدا سۆزتەلەپ قىلغان خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جىياشۈەن، خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرىدە بۇزۇنقىغا قارىغاندا كۆپ ئىلگىرلەش بولغانلىقىنى ۋە چوڭ قەدەملەر بىلەن ياخشىلىنىشقا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى. 10 - ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى، « كىشىلىك ۋە سىياسى ھەقلەرگە مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق ئەھدىنامە » نى ئىمزالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ( شىنخۇا ئاگېنتلىقى، 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى نيۇ يورك خەۋىرى). 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى بىل كىلىنتون، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جىياشۈەننى قوبۇل قىلغان ۋاختىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى ۋە خىتايدىكى سىياسى جىنايەتچىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ھەققىدە ئەمىلى قەدەم تاشلاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيەنە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەتلىكلەرنىڭ داھىسى دالاي لاما بىلەن دىيالوگ قۇرۇششىنىڭ موھىملىقىنى تەكىتلىدى. ( جۇڭگو رىباۋ، 1998 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تەيۋەن ). 1998 - يىلى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خىتاي

ھۆكۈمىتى، ئىنسان ھەقلىرى ئۇنىۋېرسال قانۇنى ھەردۆلەت ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا تەدبىقلىشى كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنسان ھەقلىرى ئۇنىۋېرسال قانۇنىنىڭ تولۇق مەنادا ئۇيغۇنلىشىشى ۋە ئەمىلىشىشى ئۈچۈن ۋاقىتقا ئېھتىياجى بارلىقىنى ھەمدە ئەھدىنامىنىڭ بەزى ماددىلىرىنى ئىمزالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1998 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ۋەكىلى چىن خۇانسۇن، « كىشىلىك ۋە سىياسى ھەقلەرگە مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق ئەھدىنامە » نى رەسمى ئىمزالىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەركىتى ۋە پوزىتسىيەسى، خەلقئارالىق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ، دېموكراتىك قۇرۇلۇشلار ۋە شەخسلەر تەرىپىدىن مەمنۇنلۇق بىلەن قارشى ئېلىندى. ئەمما ئەھدىنامىنىڭ « يىغىن ئويۇشتۇرۇش ۋە پارتىيە قۇرۇش» ، « ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش»، « دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى خالىغان يېرىگە ئەركىن ھالدا بېرىپ - كېلىش ھوقۇقى بولۇش » قاتارلىق ئۈچ ماددىنى ئىمزالىمىدى. بۇ سەۋەپتىن خىتاي ھۆكۈمىتى 1998 - يىلى ئىچىدە ناھايىتى تىز بىر شەكىلدە، تەشكىلات قۇرۇش ۋە دېموكراتىك پارتىيە قۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلدى ۋە دېموكراتىك تەشكىلات ئەزالىرىنى تۈرمىگە تاشلىدى. دېموكراتىك ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش تەشكىلاتلىرى، موھىتنى قوغداش تەشكىلاتلىرى ۋە بۇ تەشكىلات ئەزالىرىنى تامامەن يوقاتتى. بۇنىڭدىن باشقا خىتايدا يەنە « ئاممىۋى ئويۇشمىلارنى تەشكىللەش قانۇنى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە « تۆت ئاساسى پرىنسىپ» ( كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيىتىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزىم، لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش) نى قانۇنغا كىرگۈزۈپ، دېموكراتىك پائالىيەتلەرنى چەكلىدى. ( «جوڭگۇاڭ رىباۋ » 1998 - يىلى 10 - ئاينىڭ 3 - 6 - كۈنلىرى) .

شەرقىي تۈركىستاندا بولسا بۇ ئەھۋال تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپ، ھەر زامان بىگۇناھ تۇتقۇن قىلىش ۋە ئۆلۈم جازاسى بېرىشتەك ھادىسىلەر داۋام قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇ ھادىسىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن، دۇنيا خەلقى، بولۇپمۇ ئامېرىكا خەلقى ۋە ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ خەلقئارا ئەھدىنامىنى ئىمزالىغان تۇرۇغلۇق قىلىۋاتقان بۇقارا يۈزسىزلىكىگە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، 1999 - يىلى 1- ئاينىڭ 11 - 12 - كۈنلىرى ئارىسدا خىتاي ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرى ۋاشىنگىتوندا، بەش يىلدىن بېرى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئارقىغا سۈرەپ كېلىنىۋاتقان ئىككى دۆلەتنىڭ ئىنسان ھەقلىرى دىيالوگ يىغىنىنى ئويۇشتۇردى.

1991 - يىلدا خىتاي ھۆكۈمىتى نۆۋەت بىلەن ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپا ئەللىرى بىلەن ئىنسان ھەقلىرى توغرىسىدىكى دىيالوگ پائالىيەتلىرىنى باشلىغان ئىدى. مەخسەت، 1989 - يىلدىن كېيىنكى دۇنيا خەلقىنىڭ خىتاي ئۈستىدىكى بېسىمىنى يېنىكلىتىش بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا بىلەن بولغان بۇ خىل دىيالوگ مۇناسىۋەتلىرىنى، 1994 - يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆۋەتىلگەن ئىنسان ھەقلىرى ۋەكىللىرىنىڭ خىتايغا زىيارەت قىلىشى جەريانىدا داڭلىق دېموكراتىك زات ۋېي جىڭشىڭ بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتىدىن كېيىن ۋاقىتلىق توختىتىپ قويغان ئىدى.

خىتاينىڭ ھۆكۈمەت رەئىسى جۇ رۇڭجىنىڭ 1999 - يىلى ئامېرىكىغا زىيارەتكە بېرىشىدىن بۇرۇن

www.uyghurkitap.com



بۇ دىيالوگنى يېڭىدىن باشلىغانلىقى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقاردىكى ئەھۋالنى يۇمشىتىشقا تىرىشۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇيىل 1 - ئايدىكى بۇ دىيالوگ يىغىنىدا، ئامېرىكا تەرەپ ئۈچۇق بىر شەكىلدە، «خىتاي خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىنى ئوچۇق - ئازادە ئوتتۇرىغا قويىغانلىقى - خاتالىق ئەمەس ۋە ياكى ھۆكۈمەتكە بولغان تەھدىت ئېخىمۇ ئەمەس» دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. يىغىندىن كېيىن ئىككى تەرەپ بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا بۇتېمىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر يىغىن ئويۇشتۇرۇشنى قارار قىلدى. (جوڭگىياڭ رىباۋ 1999 - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى).

بۇ يىغىننىڭ دىگەنىدەك نەتىجىلىك بولمىغانلىقى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ئىنسان ھەقلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ پەرىقلىق ئىكەنلىكى ئوچوقتۇر. ئامېرىكا تەرەپ، «خىتاي خەلقىنىڭ تەشكىلات ۋە پارتىيە قۇرۇش پالىيەتلىرى ھەمدە چۈشەنچىلىرىنى ئوچوق - ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويۇشى گۇناھ ھىساپلانمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بولار، «كىشىلىك ۋە سىياسى ھەقلىرىگە مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق ئەھدىنامە» گە ۋە خەلقئارا قانۇن ئۆلچىمىگە ئاساسەن ئەسلىدىنلا خەلقىنىڭ تەبى ھوقوقى» دەپ ئەسكەرتتى. ئۇندىن باشقا يەنە پىكىرنىڭ پەرىقلىق بولىشى سەۋەبى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغانلارنىڭ ئىسىم لېستىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئامېرىكا، بۇ سىياسى مەھبۇسلارنىڭ دەرھال قويۇپ بېرىلىشىنى ۋە چەتئەللەردە داۋالىنىشقا مەجبۇر قالغان سىياسى مەھبۇسلارنىڭ، داۋالىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز مەملىكىتىگە قايتىش ھوقوقىنىڭ بولىشىنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا يەنە خىتايدا ئىنساى ھەق - ھوقوقلىرىنى قوغداش جەھەتتە ئۆزگۈرۈشنىڭ ناھايىتى ئاستا بولىۋاتقانلىقى ۋە يېتەرلىك دەرىجىدە نەتىجىگە ئېرىشەلمەيۋاتقانلىقى قاتارلىق سەۋەپلەر بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئەيپلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، خىتاينىڭ دىنى ئېتىقات ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلىۋاتقانلىقى، تىبەتلىك سىياسى مەھبۇسلارنى قىيىن - قىستاققا ئېلىۋاتقانلىقى، تىبەت خەلقىگە خاس بولغان تىل - ۋە مەدەنىيىتىنى يوقۇتۇشقا ئۇرۇنىۋاتقانلىقى ۋە تىبەتلىك ئۆلىمالارنى ئىدولوگىيىلىك تەربىيەگە زورلاپ، ئۇلارغا كومۇنىستىك ئاڭنى مەجبۇرى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى. خىتاي، ئامېرىكىنىڭمۇ ئالدىغا ئۆتتۈۋېلىپ، پىكىرلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلدى: «مەملىكىتىمىزنىڭ ئىنسان ھەق - ھوقوقلىرى ۋەزىيىتى ھەقىقەتەن دىگەندەك مۇكەممەل ئەمەس، ئەمما ئامېرىكىنىڭ ئىنسان ھەق - ھوقوقلىرى ۋەزىيىتىدىمۇ نوقسانلار بار، بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق مەملىكەتلەر ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى مەجبۇرى تۈزىتىشىمىز لازىم. خىتايدا تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغانلار خىتاي ھۆكۈمىتىنى يىقىتىشقا ئۇرۇنغان كىشىلەر بولۇپ، بەزىلەر ئىيتقاندەك ئەركىن پىكىر قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلانغان ئەمەس» (جوڭگىياڭ رىباۋ 1999 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى).

خىتاينىڭ ياۋرۇپا مەملىكەتلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ئىنسان ھەقلىرى دىيالوگلىرى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇتتۇغلۇق بولدى. ئىقتىسادى مەنپەئەتنى موھىم ئورۇندا تۇتقان ياۋرۇپا ئەللىرى، خىتاي بازىرىنىڭ مەپتۇن قىلغۇچى كۈچى ئالدىدا ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويىدى. 1997 - يىلى، ياۋرۇپا مەملىكەتلىرى، ھەر يىلى جەنۋەدە ئۆتكۈزىلىدىغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسان ھەق -

ھوقۇقلىرى يىللىق يىغىندا بىرئەنئەنە ھالىگە كەلگەن خىتايغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ھەركىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 1998 - يىلغا كەلگەندە يالغۇز قالغان ئامېرىكىمۇ خىتايغا ئېتىراز بىلدۈرۈشتىن ۋاز كەچتى. بەزى ياۋروپا مەملىكەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى خىتايني پات - پات زىيارەت قىلىشقا باشلىدى ۋە ئىختىسادىي مەنپەئەتنى دەپ خىتاينىڭ ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىشىغا كۆز يۇمۇم كېلىۋاتىدۇ. 1998 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى ئومومى بايانامىسى » ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىق خاتىرە كۈنىنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن پارىژدا ئېچىلغان يىغىنغا بارلىق تىنچلىق نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى دالاي لاماغا ئەۋەتكەن تەكلىپ خېتىنى ياندۇرۋالدى. ئەمما فىرانسىيە رەھبىرى زاسكوپىس شىراكنىڭ بۇ ھەركىتىنى فىرانسىيە جامائەتچىلىگى ئۆققاندىن كېيىن قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ بېسىمى نەتىجىسىدە، دالاي لامانى نەكرار دەۋەت قىلىشقا مەجبۇر قالدى. ئەينى كۈنى چىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جياشۇ يەنىلا فىرانسىيە ھۆكۈمىتىگە ئېتىراز بىلدۈردى ( شىنخوا ئاگېنتلىقى 1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بېيجىڭ).

خىتاي ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلماقتا يەنە بىر تەرەپتىن « جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم» دىگەنگە ئوخشاش « جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرى » دىگەن نەرسىنى ئويدۇرۇپ چىقىش بىلەن بىرگە، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ماقالە ۋە كىتاپلارنى كۆپلەپ نەشىر قىلماقتا. دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى ئومومى بايانامىسى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىق خاتىرە كۈنى بولغان 1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرقاتار رادىيو پىروگراممىلىرىنى ئاڭلىتىشنى قارار قىلدى. خىتايدا، ئىنسان ھەقلىرىنى خەلىققە ئاڭلىتىش جەھەتتە تۇنجى قېتىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇخىل پائالىيەت، ماركسىزىملىق ئىنسان ھەقلىرى كۆز قارشىنى ۋە تەبى ئىنسان ھەقلىرى ( ياشاش ھەققى ) نى تۈزىتىشنى مەقسەت قىلدى ( شىنخوا ئاگېنتلىقى1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ).

خىتاي ھۆكۈمىتى ماركسىزىملىق ئىنسان ھەقلىرى؛ سوتسىيالىزمدىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋە يېقىنقى زامانلاردا كوللىكتىپ ( ئىنسان ) ھەقلەرگە ئوخشاش ئىبارىلەرنى ئىجات قىلىپ، خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ غەرب ئەللىرىدىكى ئىنسان ھەقلىرى بىلەن پەرقلىق ئىكەنلىگى ھەققىدىكى سەپسەتىسىنى ئۆرغىلماقتا، بۇ، پۈتۈنلەي ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ دۇنياۋىلىكى بىلەن زىت بولۇپ، دۇنيا جامائەتچىلىكى خىتاينىڭ يۇقارقى ھەرىكىتىدىن غەلىتىلىك ۋە مۇجمەللىك ھېس قىلماقتا.

### 2 - ئۆكتىچى خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئەھدىنامىنى ئىمزالىغانلىقىغا دائىر پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرى

چەتئەللەردىكى دۆلەتچىلىك تۈزۈمى (سوتسىيالىزم) گە قارشى چىققان خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ مەسئۇلى لۇسىجىڭ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ « كىشىلىك ۋە سىياسى ھەق - ھوقۇقلارغا دائىر خەلقئارالىق ئەھدىنامە» سىگە

www.uyghurkitap.com



ئىمزا ئاتقانلىقى ھەققىدە ئۆز پىكرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلدى:

1 . ختاي، ئەھدىنامىنىڭ بىر تارمىقى بولغان «ئاللاش ھوقوقىغا ئىگە ئىكەنلىگىگە دائىر ئاكلاشما» (protocol optional) نى ئىمزالىمىدى. بۇ ئەھدىنامىدە، «ئەھدىنامىنى ئىمزالىغان مەملىكەتنىڭ گەرەژدانلىرى ئەگەر دۆلىتى تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ ھەق - ھوقوقلىرىنىڭ ئاياق ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقى ۋە ھەقسىزلىككە ئۇچراۋاتقانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلسا، ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى قىلىنغان بۇ شىكايەتنى قوبۇل قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ھوقوقىغا ئىگە بولۇپ، كوممۇتېت شىكايەت توغرىسىدىكى مۇراجەتنى ئەھدىنامىگە ئىمزا ئاتقان دۆلەتكە ئۇۋەتىدۇ ۋە بۇ دولەتتىن ئالتە ئاي ئىچىدە خەت بىلەن جاۋاپ ئېلىش كاپالىتىنى بېرىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئەھدىنامىنىڭ بۇ ماددىسى ئىنسان ھەق - ھوقوقلىرىنىڭ قوغدىلىشىدا موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2 - ختاي ھوكۇمىتىنىڭ بۇ ئەھدىنامىگە ئىمزا ئېتىشى، ختاينىڭ دەرھاللا بۇ ئەھدىنامىنى ئەمەللەشتۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئەھدىنامىنىڭ تولۇق ئىناۋەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، ختاي خەلق قۇرۇلتىيدا ماقۇللىنىشى لازىم. ختاي خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بۇ ئىشنى تېخى بىرقانچە يىل ئارقىغا تارتىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ. 1997 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ختاي ھۆكىمىتى تەرىپىدىن ئىمزالانغان «ئىختىسادى، مەدەنى ۋە ئىجتىمائى ھەق - ھوقوقلارغا مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا ئەھدىنامىسى»، تاكى بۈگۈنگىچە قۇرۇلتاي ئىجرائىيە كومۇتېتىنىڭ كۆزىتەر كۆزىگىمۇ ئىلىنمىدى.

3 . ختاي ئاساسى قانۇنىدىكى «تۆت ئاساسى پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش» ماددىسى، ئەھدىنامىدا يەر ئالغان پىكىر قىلىش ئەركىنلىگى ۋە نەشرىيات ئەركىنلىگى قاتارلىقلارغا ھېچ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەسىلە چىققان ۋاقىتتا ختاي ھۆكۈمىتى ئەھدىنامە ماددىلىرىنىڭ ختاينىڭ ئاساسى قانۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئەھدىنامىنىڭ ئەمەللىشىشىنى رەت قىلىشى مۇمكىن.

4 - ختاي ھوكۇمىتى ئەھدىنامىنىڭ ھېچبىر ماددىسىغا ئىمزا ئاتمىدى. بۇمۇ ئەھدىنامىنىڭ تولۇق ئەمەللەشمەيدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرمەكتە، بۇنىڭدىن باشقا ختاينىڭ ئىشچىلار ئويۇشمىسى قانۇنىمۇ ئەھدىنامىغا ئۇيغۇن كەلمەيۋاتىدۇ (جوگياڭ رىباۋ، 1998 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تەيۋەن).

دېموكرات گۇۋ لۇۋجى ئەپەندى، ختاينىڭ قانۇن ۋە نىزاملىرىنى، ئىنسان ھەق - ھوقوقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ بىرلىكتە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئىككىسىنىڭ ھېچ ماسلىشالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى:

1 - ئەھدىنامىدىكى بەزى ھەقلەر، ختاينىڭ قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

2 - ئەھدىنامىدە يەرئالغان بەزى ھەق - ھوقوقلار ختاي قانۇنلىرىدا يېتەرسىز ۋە كەم قالماقتا. 3 - ختاي قانۇنلىرى ئەھدىنامىدىكى بەزى ھوقوقلار بىلەن زىت بولۇپ چىقماقتا.

4 - ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن گەرەژدانلىق ھەققىنىڭ بۈيۈك بىر قىسمى رەسمى يېزىق شەكلىدە ئەھدىنامىدە يەر ئالماقتا، ئەمما ئىنسان ھەق - ھوقوقلىرىنىڭ مەنىۋى قىسمى يېتەرلىك ۋە ئەتراپلىق يېزىلمىغان، بۇ سەۋەپتىن، ختاي ھۆكۈمىتى خەلقئارا ئىنسان ھەق - ھوقوقلىرى

ئەھدىنامىسى بىلەن ماسلىششى ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى قىلىشقا مەجبۇردۇر:

1 ـ ئاساسىي قانۇننى تەپتىش قىلىش ئۈچۈن مۇستەقىل بىر ئورگان قۇرۇش لازىم.

2 ـ ئاساسىي قانۇن ۋە نىزاملاردىكى ئەھدىنامە بىلەن ماسلاشمىغان بەزى ماددىلارنى تۈزىتىشى كېرەك.

3 ـ قانۇن چىقىرىدىغان، قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان ۋە قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەپتىش قىلىدىغان قۇرۇلۇشلار ئارىسىدا بىر ـ بىرىنى نازارەت قىلىدىغان ۋە بۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتۈردىغان ھالەتنى يارىتىش لازىم.

شاڭگاڭدا نەشر قىلىنىدىغان «كەيفاڭ» ژورنىلىنىڭ ساھىبى ۋە باش تەھرىرى جىنجۈڭ، «خىتاينىڭ بۇ ئەھدىنامىنى ئىمزالىغانلىق خەۋىرىنىڭ شاڭگاڭ ۋە تەيۋەندە ئانچە چوڭ تەسىرى بولمىدى، خىتايدا بولسا ھېچ بىر تەسىر پەيدا قىلالمىدى. پەقەت بەزى غەرب مەملىكەتلىرى ۋە كىشىلىرىنىڭ دىققەت ۋە ھەۋەسىنى قوزغىيالدى. غەرپلىكلەر قانۇنغا ھۆرمەت قىلىشنى بىلىدىغان ئىنسانلاردۇر، دۆلەت رەئىسىمۇ خالىغانچە قانۇننى ئاياغ ئاستى قىلالمايدۇ... ئەينى زاماندا، غەرپلىكلەر خىتاينىڭ كەڭ مەدەنىيەتنى ئاساسىي قانۇندا يەر ئالغان، «قانۇن ـ باراۋەر ھوكۇمدار» چۈشەنچىسىنى بىلمەيدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھدىنامىنى ئىمزالىشى بىلەن ئۇنىڭغا ئۈمۈت باغلاش توغرا ئەمەس، بۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ئەھدىنامىنىڭ خىتاينىڭ ئىدارە قىلىنىشىدا سەلبىي رول ئوينىيالايدىغانلىقىنىمۇ كۆرمەسلىكىمىز لازىم» دەپ يازدى (كەيفاڭ 1998ـ يىلى 11 ـ سان شاڭگاڭ).

مەشھۇر دېموكراتىك زات يەن جاچى، «ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرى ئەھدىنامىسىنى ئىمزالىغانلار، ئۇنى ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆگىنىشى كېرەك» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىدا، «ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرى، بىرسى تەبىي ھالدا تۇغۇلۇشىدىن ساھىپ بولىدىغان، يەنەبىرى تۇغۇلغاندىن كېيىن تەدرىجى ساھىپ بولىدىغان ھەق ـ ھوقۇقلار، دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز خەلقىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى، تەشكىلات قۇرۇش ئەركىنلىكى، ئوچۇق ـ ئاشكارا ۋە ھۆر بىر شەكىلدە سايلام قىلىش، «كىشىلىك ۋە سىياسىي ھەق ـ ھوقۇقلارغا مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق ئەھدىنامە» نىڭ ئۈچ ئاساسىي روھىدۇر، لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتى، بۇ ئەھدىنامىنى ئىمزالىغان ۋاقتىدا، «تەشكىلات قۇرۇش ئەركىنلىكى» نى ئىمزالىغان، بۇ ئوچۇق ـ ئاشكارە خىتاي قانۇنىغا خىلاپ بىر ھەركەتتۇر» دەپ يازغان (جىنمىڭ ژورنىلى، 1998 ـ يىلى 1 ـ سان 39 ـ 41 ـ بەت).

خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ داڭلىق قانۇنچىسى يۈ خاۋچىڭ، «ئىككى كىشىلىك ھەق ۋە سىياسىي ھەق، ئوخشاش مەزمۇننى ئىپادە قىلامدۇ؟» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىدا، «كىشىلىك ھەق بىلەن سىياسىي ھەق ئوخشاش ئەمەس، خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا قەستەن بۇ ئىككى ھەقنى ئارىلاش قوللىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ماركسىزىم ئىدىيىسىنى سىياسىيلاشتۇرۇشقا تىرىشۋاتقانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئىككى ھەقنىڭ قالايمىقان قوللىنىشى، خىتاينىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدىمۇ ئەكسىئەتمەكتە. يەنى جىنايى خاتالىق ئىشلىگەن بىر كىشىنىڭ سىياسىي ھەققىنىمۇ چەكلىمەكتە. خىتاينىڭ بۇ خاتا ۋە سەپسەتىلىك ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، خەلقئارادا ئورتاق قوبۇل قىلىنغان ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىمۇ زىيانلىمەكتە» دەپ يازغان. (جىنمىڭ 1998 ـ يىلى 1 ـ سان 46 ـ 48 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەت)

خىتاي دېموكراتلىرىدىن سۇ شاۋجىنىڭ، «ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرى ئەھدىنامىسىنى ئۇيۇنۇلاشتا ئىككى مەسىلىنى ھەل قىلىش لازىم» دىگەن تېمىدىكى ماقالىسىدا، «خەلق بۇ ھەق ۋە ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك. بۇندىن كېيىن تىخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ئالدى بىلەن خەلقنىڭ كىشىلىك ھەققى بىلەن جەمىيەت موقىملىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قورۇشنىڭ ئەركىن قويۇۋېتىلىشى، ئاساسىي قانۇن ۋە شۇ ئاندا يۈرگۈزىلىۋاتقان قانۇنلارنىڭ تۈزىتىلىشىگە ئوخشاش مەسىلىلەر بىر تەرەپ قىلىنىشىلازىم» دەپ يازدى (جىنمىك 1998 - يىلى 1 - سان 51 - 52 - بەت).

باشقا ئۆكتىچى خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك يازغانلىرى تىخىمۇ كۆپلۈكتۇر.

قانۇنچى چىن شاۋيا، «قەغەز ئۈستىدىكى نەرسىنىڭ قىممىتى قانچىلىك بولاتتى؟» دىگەن تېمىدىكى ماقالىسىدا، «بۇ ئەھدىنامىنىڭ خىتايدا ئەمەللىشىشى ئۈچۈن بىر قاتار قوغداش تۈزۈمى ۋە سېستىمىلىرى بارلىققا كەلتۈرىلىشى لازىم» دەپ يازدى (كەيفاڭ 1998 - يىلى 11 - سان 34 - 36 - بەت).

جاڭ جىنگوي، «خىتاينىڭ ئەھدىنامىنى ئىمزالىشى ئېكسپورت ئەمەس، ئىمپورتتۇر» دىگەن تېمىدىكى ماقالىسىدا، «خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتى، تاشقى دۇنيانى ئالداش ئۈچۈن قىلىنغان. بۇ ھەرىكەت، تاشقى ئىشلاردىكى بىر سىياسى تاكتىكا بولۇپ، بىر سىنارىيەنىڭ ئىككى ۋارىيانتىدۇر» دەپ يازدى (دوگشياڭ 1998 - يىلى 10 - سان 54 - 55 - بەت شاگگاڭ).

## 3 - خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئەھدىنامىسىنى ئىمزالىشىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان تەسىرى

خىتاي ھۆكۈمىتى 1991 - يىلدىن بۇرۇن ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنى كاپىتالىستىك مەملىكەتلەرگە ئائىت بىر ئۇقۇم دەپ قارايتى، دىنىڭ شياۋپىڭمۇ خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ياۋروپا ۋە باشقا دۇنيا مەملىكەتلىرى بىلەن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن ئىدى. 1991 - يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى، ئىنسان ھەقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ دۇنياۋى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلغان بولۇشى كېرەككى، ئۇ يىلى تۇنجى قېتىم، «خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرىگە مۇناسىۋەتلىك دوكلات» نى چىقاردى. 1992 - يىلى «تىبەتنىڭ ئەسلى ساھىبى ۋە ئىنسان ھەقلىرى»، «خىتاينىڭ مەھبۇسلارنى تەربىيلەش ئەھۋالى» قاتارلىق ئىككى ماۋزۇ ئاستىدا دوكلات يازدى. 1995 - يىلى «خىتايدا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ تەرەققىياتى»، 1996 - يىلى «خىتايدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەھۋالى» ... ۋە بۈگۈنگىچە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا تېمىلاردىمۇ دوكلات ئېلان قىلدى (ئەپسۇسكى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېچ بىر دوكلات يېزىلمىدى). بۇنىڭ بىلەن بىرگە، 1997 - يىلى ۋە 1998 - يىللىرى ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئەھدىنامە ئىمزالىدى. بۇلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قارىماققا مەدەنىي دۇنيا بىلەن بىرلىككە كەلگەنلىكىنى كۆرسەتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىتاي ئويۇنى بولۇپ، خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار تاكتىكىسىدۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ چىقارغان قانۇنلىرىغا ھۆرمەت كۆرسەتمەيدىغان ۋە ئىجرا قىلمايدىغان تۇرسا، قانداقمۇ چەتئەللىكلەر چىقارغان ئىنسان ھەق -

ھوقۇقلىرى قانۇننى ئىجرا قىلسۇن ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي مەدەنىيىتىدە دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىغا ئوخشاش بىر ئۇقۇم يوق.

ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان دېكتاتۇر ھاكىمىيەت، 1949 - يىلى قۇرۇلغان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھاكىمىيىتىدىمۇ ئەينەن داۋام قىلىپ كەلمەكتە، ئۇمۇ دىكتاتورلۇق ھاكىمىيىتىدۇر. بۇ خىل ھاكىمىيەتنى قوبۇل قىلغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرى ئەھدىنامىسىنى ئىمزالىشى، پۈتۈنلەي ئەزەلدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان سىياسىي تاكتىكىسى ياكى تاشقى ئىشلار سىياسىتىدۇر. مەسىلەن، 1997 - يىلى رەئىس جاڭزېمىنىنىڭ ئامېرىكا زىيارىتىدىن بۇرۇن، « ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە مەدەنىي ھەقلەرگە مۇناسىبەتلىك خەلقئارا ئەھدىنامە» نى ئىمزالىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى 1998 - يىلى، ئامېرىكا پرېزىدېنتى بىل. كېلىنتوننىڭ خىتاي زىيارىتىنىڭ بىر ئاز ئالدىدا، « كىشىلىك ۋە سىياسىي ھەق - ھوقوقلارغا مۇناسىبەتلىك خەلقئارا ئەھدىنامە » نى ئىمزالىمدى. خىتاينىڭ كېيىن، يەنى 1991 - يىلى ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىنسان ھەقلىرى ھەققىدىكى دىيالوگى باشلاندى. خىتاي ھۆكۈمىتى، قىيىن ئەھۋال ئاستىدا قالغاندا يەنە شۇ خىل تاكتىكىنى ئويناۋاتىدۇ ياكى تۈرمىگە سولاغلىق بىر قانچە خىتاي دېموكراتلىرىنى قويىۋېتىپ، ئۇلارنى چەتئەلگە قوغلاش ئارقىلىق كۆز بوياۋاتىدۇ.

خىتاي ، غەرب مەملىكەتلىرىگە قارىغاندا سىياسىي تۈزىمى، ئىنسان ھەق - ھوقوقلىرى، دۆلەت مەنپەئەتى، تۇرمۇش سەۋىيىسى، بولۇپمۇ مەدەنىيتى جەھەتلەردە كۆپ پەرق قىلىدۇ، لېكىن، شاڭگاڭ ۋە تەيۋەن، خىتاي بىلەن ئوخشاش بىر مىللەت تۇرۇپ، ئىنسان ھەق - ھوقوقلىرى ئۆزىمىنىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى قوبۇل قىلالىشى لازىم. خىتاي ھاكىمىيتى دېكتاتور بىر سېستىمىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، سىياسىي ھاكىمىيتى، سىياسىي ھەقلىرى، قانۇنى ھەقلىرى، ئىشچى ھەقلىرى، دىنى ئېتىقاد ھەقلىرى، تەبى ھەقلەر، ئۆسمۈرلۈك ھەقلىرى، كىشلىك ھەقلىرى، ئازسانلىق مىللەتلەر ھەقلىرى... قاتارلىق پۈتۈن ھەقلەردە، ئىنسان ھەق - ھوقوقلىرى ئەھدىنامىسى بىلەن تامامەن قارشى ھەرىكەت قىلماقتا. بۇنداق بىر ھاكىمىيەتتىن ئىنسان ھەق - ھوقوقلىرىنى ئەمەللەشتۈرۈشنى ئۈمىت قىلىش توغرا بولمىغان كۆز قاراشتۇر. يۇقۇرىدا يازغىنىمىزدەك، خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ سۆزلىگەنلىرىدىنمۇ بۇنى كۆرىۋالايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنسان ھەق - ھوقوقلىرى بىر تۇرلۈك ھەق بولۇپ، قانۇن ئەمەس، ئىجرا قىلىشتا مەجبۇرلاش كۈچى بولىسىمۇ، بىراق خىتاينى جازالىيالمايدۇ. بۇ سەۋەپتىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەنپەتىنى كۆز ئالدىدا تۇتۇپ، ئىنسان ھەقلىرىنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىۋاتىدۇ. قىستالغان ۋاقتىدا بىرلا تاكتىكا بىلەن دىققەتنى باشقا يەرگە تارتىپ قويۇپ قۇتۇلىۋاتىدۇ. تاكتىكا ئىشلىتىشتە غەرپ مەملىكەتلىرى خىتاينىڭ رەقىبى بولالمايدۇ.

خىتاينىڭ ئاساسى قانۇن ۋە باشقا قانۇن - نىزاملىرى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ھالبۇكى نۇرغۇنلىغان مەدەنىي مەملىكەتلەردە قانۇن - نىزاملار ھۆكۈمران سىنىپقا قارشى خەلقنىڭ مەنپەتىنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، « ئىنسان ھەق - ھوقوقلىرى خەلقئارا ئەھدىنامىسى » نىڭ نۇرغۇنلىغان ماددىلىرى خىتاي قانۇن نىزاملىرىدىمۇ يەر ئالغان

www.uyghurkitap.com



بولۇپ لېكىن ئەمىلىيەتتە ئەھۋالى غەرب مەملىكەتلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ھېچ بىر ئوخشىمايدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئىمزالىغان ھەر ئىككى ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرى ئەھدىنامىسىنىڭ بىرىنچى ماددىلىرىدا، «پۈتۈن خەلق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە، بۇ ھەقنىڭ سايىسىدا سىياسى سالاھىيىتىنى ئۆز كۆڭلىدىكى بويىچە تاللاپ، ئىقتىسادىي ئىجتىمائى ۋە مەدەنىيەت - تەرەققىيات يولىنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە بېكىتەلەيدۇ... ئاپتونومىيە ھوقۇقى بولمىغان ۋە ياكى بېقىندى ئەھۋال ئاستىدا قالغان مەملىكەتلەرنى باشقۇرۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بۇ ئەھدىنامىنى ئىمزالىغان دۆلەتلەر، خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەققىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياردەم قىلىش ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئەھدىنامىلىرىگە ئاساسەن، بۇ ھەق - ھوقۇقلارغا ھۆرمەت كۆرسىتىش مەجبۇرىيىتى بار» دەپ يېزىلغان. بۇ يېزىلغانلاردىن شۇ مەنانى چىقىرالايمىزكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى مۇستەقىل بولۇشنى خالىسا مۇستەقىل بولالايدۇ، بۇ ھەققە تەبىي ھالدا ساھىپتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق پائالىيىتىگە ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتى بار. لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتى بۇلارنى قوبۇل قىلامدۇ - قىلمامدۇ، مەسىلە بۇ يەردى.

1966 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىمزالانغا، «كىشىلىك ۋە سىياسى ھەق - ھوقۇقلارغا مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا ئەھدىنامە» گە باغلىق «تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە دائىر ئاگاھلاندۇرۇش (optional protocol)» نىڭ يەتتىنچى ماددىسىدا، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومومى قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن 1960 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قوبۇل قىلىنغان، سۇرگۈندىكى خەلقلەرگە ۋە مەملىكەتلەرگە مۇستەقىللىق بېرىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى بايانىنامىگە، «مۇناسىۋەتلىك (XV) 1514 - نومۇرلۇق قارار ۋە مەخسەتلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە، بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ھۆكۈملىرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئەھدىنامىلىرى بىلەن ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ياكى مۇتەخەسسىسلىك ئىدارىلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ھازىرلانغان باشقا خەلقئارالىق بەلگىلىمە ۋە ئەھدىنامىلەر ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىنغان ھەقلەرگە مۇراجەت قىلىش ھوقۇقىنى ھېچ بىر جەھەتتىن چەكلىيەلمەيدۇ» دەپ يېزىلغان. يەنى شەرقىي تۈركىستانغا ئوخشاش زۇلۇم ئاستىدىكى خەلق ۋە مەملىكەت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا مۇراجەت قىلىش ئارقىلىق، مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلالايدۇ ھەمدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر ياكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەپتىش ۋە نازارىتى ئاستىدا بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرەلەيدۇ. ئەپسۇسكى، يۇقۇرىدا لۇ سىچېڭنىڭ بايان قىلغىنىغا ئوخشاش، خىتاي ھۆكۈمىتى قوۋلۇق بىلەن بۇ ئەھدىنامىنى تېخىچە ئىمزالىمىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىمزالىمىغان «كىشىلىك ۋە سىياسىي ھەق - ھوقۇقلارغا مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق ئەھدىنامە» نىڭ نۇرغۇنلىغان ماددىلىرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئۇيغۇن بولۇپ، 1 -، 20 -، 24 - ۋە 27 - ماددىلىرىدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىش ئىمكانى بار. لېكىن خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى بۇ ئەھدىنامىنى ماقۇللىمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق بىر تەلەپتە بولۇش قىيىندۇر. 1960 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومومى قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان، «مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقلەرگە ۋە مەملىكەتلەرگە

مۇستەقىللىق بېرىش» ھەققىدىكى باياننامىگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە1514 ـ نومۇرلۇق قارارنامىدە، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەگە ئوخشاش بەزى چوڭ دۆلەتلەردىكى مىللىي مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى كۆز ئالدىدا تۇتۇلۇپ يەر بېرىلگەن، «دۆلەتنى قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي بۆلۈش ئارقىلىق مىللىي بىرلىكنى ۋە تۇپراق پۈتۈنلىكىنى بۇزىدىغان ھەر قانداق پائالىيەت، ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرى ئەھدىنامىسىگە ۋە پىرىنسىپلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دەپ يېزىلغان ماددىسى، «شەرقىي تۈركىستان تارىختىن بۇيان خىتاي تۇپرىقىدۇر» دەپ جار سېلىۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشىغا يارىماقتا. بۇ سەۋەپتىن، ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرى ئەھدىنامىسىگە تايانغان ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر بىر مەنادا توسقۇنلۇققا ئۇچراۋاتماقتا. بۇ توساقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاينىڭ تۇپرىقى ئەمەس ئىكەنلىكىنى، يەنى بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان پەقەت خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشغال قىلغان سىياسىي ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى يەر بولۇپ، بۇ تۇپراقنىڭ خىتايغا ئائىت يەر ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىشىمىز لازىم. ئەسلىدە بۇ تېمىدا بەزى تەتقىقات ئەسەرلىرى بولسىمۇ، ھېچ يېتەرلىك ئەمەس. مەسىلەن پىراپېسسور گىلادنېي ( pro dr dru gladneY ) نىڭ، «ئىچكى سۆمۈرگە رايونى ۋە ئۇيغۇرلار» ( Internal Colonizataion and the Uighur ) دىگەن ماۋزۇدىكى ماقالىسى بار. دىمەك، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاينىڭ بىر سۆمۈرگە رايونى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمىساق، ھەم ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ئەھدىنامىلەردىن پايدىلىنالمايمىز ھەمدە 1960 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمى قۇرۇلتىيى قوبۇل قىلغان، «سۆمۈرگە ئاستىدىكى خەلق ۋە مەملىكەتلەرگە مۇستەقىللىق بېرىش ھەققىدىكى باياننامە» گە تايىنىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولىشى ۋە بۇ ئارزۇيىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئاسان بىر يول ئاچقان بولىمىز. شۇڭلاشقا ئىرىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى بۇ ئاڭلاشمىسىنى ئىمزالاشقا مەجبۇرلايدىغان يوللارنى ئىزدىشىمىز لازىم.

بىر تەرەپتىن خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا تايانغان مۇستەقىللىق ھەققىنى بەرمەسلىك ئۈچۈن تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنى دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ قوغدۇغچىلىرى، دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان خىتاي دېموكراتلىرىمۇ تىبەت ۋە تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن دەستەك بەرمەيدىغانلىقىنى ئىپادە قىلدى. 1999 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ، 23 ـ ۋە 24 ـ كۈنلىرى، خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى ئامېرىكىدا ئىككى قېتىم ئومۇمى يىغىن چاقىرىپ، خىتاينىڭ كەلگۈسى ھەققىدەمۇزاكىرە ئېلىپ باردى. رەئىس ۋېي جىڭشىڭنىڭ تىبەت ۋە تەيۋەننىڭ مۇستەقىل بولىشىغا دەستەك بەرمەسلىك، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھەققىگە قارشى چىقماسلىق پىكرى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. لېكىن خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ غوللوق ئەزالىرىدىن خۇپېڭ ۋە ياڭ جەنلىگە ئوخشاشلار، «ئاسارەت ئاستىدىكى خەلق ۋە مەملىكەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھەققىنى شەرتلىك بىر شەكىلدە بېرىش كېرەك» دىگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا

( داۋامى 57 ـ بەتتە )

# 1999 ـ يىلنىڭ ئەجايىپ «سوۋغىلىرى»

شەيدا بەشكەرەمى
(قازاقىستان)

مۇستەقىل قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتوتى يېپىلىپ، كىچىككىنە مەركەزگە ئايلىنىپ، ئىلمى خادىملارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قىسقارتىلغان بولسا، 1999 ـ يىلى كىرىشى بىلەن، قازاقىستاننىڭ «ئالتاغ» تېلېۋىزور كۆرستىش پروگراممىسى بويىچە ھەر كۈنى بىر سائەتلىك ئۇيغۇرچە كۆرستىش رىداكسىيەسى يېپىلدى، شۇنداقلا خەلقنىڭ بىباھا مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان «يېڭى ھايات» گېزىتىمۇ 1 ـ مارتتىن باشلاپ نەشىردىن توختىدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى «ك پ س س» مەركىزى كومىتېتىنىڭ قارارى بىلەن 1970 ـ يىلى 1 ـ يانۋاردىن باشلاپ چىقىشقا باشلىغان كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «يېڭى ھايات» گېزىتى ئاساسەن شەرقىي تۈركىستاندىن باش ـ پانا ئىزدەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېچىلغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، قازاقىستان ئۆز مۇستەقىللىقىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، «يېڭى ھايات» ھەپتىلىك گېزىتكە ئايلاندى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كىچىك ھەجىمدىكى ئون ئىككى بەتلىك گېزىت سەككىز بەتكە چۈشۈپ قالدى. ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتۈپ، گېزىت ھەپتىلىك ئەمەس، ئايدا ئىككى قېتىم چىقىدىغان بولدى. ھەممە نەرسىگە سەبىرچان خەلق بۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلىپ كەلگەن ئىدى، ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى،...

قازاقىستان ئۆز مۇستەقىللىقىغا ئېرىشكەندىن كېين، «يېڭى ھايات» نىڭ بۇ خىلدا قىسقىراپ، ئاخىرىدا تامامەن يېپىلىشىدىكى سەۋەپ نېمە ئىدى ؟ ئىقتىساد يوقمىش! ھەجمى بىر يېرىم ۋاراقتا ئايدا ئىككى قېتىم چىقىۋاتقان بۇ گېزىتكە قانچىلىك ئىقتىساد كېتەر؟ بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ خەزىنىسى تۈگەپ كىتەرمۇ ؟

تارىختىن ياخشى مەلۇمكى ، ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلار قەدىمدىن قىز بېرىپ، قىز ئېلىشىپ، دوستلىشىپ ياشىغىنى ھالدا، بېشىغا كۈن چۈشكەندە بىرى يەنە بىرىگە نان ئەمەس، جان بېرىپ كەلگەن قان ـ قېرىنداش خەلقلەردى.

خوش، ئۇيغۇرلار قازاق قېرىنداشلىرى ئۈچۈن جېنىنى بىرىپ، يېرىنى بېرىپ كەلگەن ئىكەن، بۈگۈن بۇنىڭ ئەجرىنى كۆرىۋاتامدۇ ـ يوق؟ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىن سىياسى باش ـ پاناھلىق سوراپ قېچىپ چىققان ئىلياس زوردۇن، قاسىم مەخپىر، خەمىت مەمەتلەرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەردى. گەرچە خەلقئارا قانۇنلار بويىچە ئېيتقاندا قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ 3 نەپەر يىگىتكە سىياسى باش پاناھلىق بېرىش مەجبۇرىيىتى بولىسىمۇ، قازاقىستاننىڭ سىياسى مەنپەئەتى بۇ قېتىممۇ ئىنسان ھوقۇقىدىن ئۈستۈن كەلدى.

ھەر بىر ئىنسان قازاقىستاندا ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن بولىۋاتقان بۇخىل ئىشلاردىن تېگىشلىك خۇلاسە چىقىرىۋالسا كىرەك؟ !

# دۈشمەندە رەھىم، دوستتا ۋاپا يوق، ئەمدى بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟

ئە. ئىگەمبەردى

قازاقىستان ھۆكۈمىتى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ۋە خەلقئارادىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ قاتتىق ئەيىپلەشلىرىگە قارىماي، 99- يىلى 11- فېۋرال خىتايدىن قېچىپ چىقىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن خەمىت مۇھەممەت، قاسىم مەخپىر، ئىلياس زوردۇن قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياشنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇياشلىرىمىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا دەرھال ئۇلارنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. بۇ گۇناھسىز ئۈچ ۋەتەندىشىمىزنىڭ تۆكۈلگەن مۇبارەك قانلىرى تېخى سوۋۇماستىن ۋە بۇنىڭدىن خەۋىرى بولغان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان غەزەپلىك قانلىق ياشلىرى قۇرۇماستىن، ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا يەنە قازاقىستان ھۆكۈمىتىدىن سىياسىي باش پانالىق تىلەۋاتقان، ھازىر قازاقىستان خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى تۈرمىسىدە تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتقان 10 غا يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى قازاقىستان ھۆكۈمىتى يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ.

قازاق ھۆكۈمىتىنىڭ قېرىنداشلىق ئەھدىنى ئاياق - ئاستى قىلىپ، يامانغا يانتاياق بولۇپ قىلىۋاتقان بۇ ياۋۇزلۇقىغا قارىتا خەلقىمىزنىڭ دەرت - ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ. جىمىنى چىشلەشتىن باشقا ئامال يوق. لېكىن بىز چەتئەللەردە ياشاۋاتقانلار، بولۇپمۇ ئاۋىستىرالىيەدە ياشاۋاتقان 1000 غا يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرىنچىدىن، كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزىۋاتقان بۇ ئېغىر قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىپلەيمىز، ئىككىنچىدىن، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تېرورلۇق سىياسىتىگە يانتاياق بولۇۋاتقان قازاقىستان نەزەربايېۋ ھۆكۈمىتىنىڭ، قازاقىستانغا سىياسىي باش پاناھلىق تەلەپ قىلىپ چىققان ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تۇتۇپ بېرىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئورتاق بولۇۋاتقانلىق قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىپلەيمىز ھەم لەنەتلەيمىز.

قازاق ھۆكۈمىتى بېيجىڭغا بولغان غالچىلىقىنىڭ سەمىمى ساداقىتىنى گۇناھسىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پاك قانلىرى بەدىلىگە ئىسپاتلىماقچى بولۇۋاتىدۇ.

1991 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش جومھۇرىيەتلەر قاتارىدا قازاقىستانمۇ مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. بۇبىر تارىخى ۋەقە ئىدى، قازاقىستانىنىڭ مىللي مۇستەقىللىقىدىن ئۇنىڭغا چىگرىداش ھەم قېرىنداش بولغان ئۇيغۇر خەلقىمۇ ھەقىقى شاتلىق تەنتەنىسىگە چۆمدى. دۆلەت مۇستەقىل بولۇپ 8 يىلدىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان رىيال

ئەھۋاللار، قازاقىستان دۆلىتىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتىدە كۆپلىگەن ساغلام بولمىغان ئامىللارنىڭ يەنىلا ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خىتاي بىلەن بولغان تاشقى سىياسىتىدە كۆرۈلگەن خاتالىقلار، قازاقىستاننىڭ بۇ گۈنكى مۇستەقىل، دېموكراتىك، پاراۋان دۆلەت بولۇپ تۇرۇشىغا تەسىر قىلىپ قالماي، كېلەچەكتىكى قازاقىستاننىڭ مۇستەقىل، ئەركىن، باياشات مەملىكەت بولۇپ تۇرۇشىغا تەھدىت كەلتۈرىدىغان بالايى ـ ئاپەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ قويىدى. بولۇپمۇ قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ 1996 يىلى 24 ـ 26 ئاپرېللاردا خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن شاڭخەي بايانىنامىسى، بىر قاتار چېگرا كېلىشىملىرى ۋە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئاتالمىش «تېررورىست» لارنى بىرلىكتە بىر تەرەپ قىلىشنى كۆزدە تۇتقان كېلىشىم ـ ھۆججەتلىرىدىن كېيىن، قازاقىستان ھۆكۈمىتى كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئالدىدا سىياسى، ئىقتىسادى تەرەپلەردىن بېقىندىلىق ھالغا چۈشۈپ، بېيجىڭنىڭ كوماندا تايىقىغا بوي سۇنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ بېقىندىلىق سىياسىتىنىڭ كېلەچەكتىكى ئاقىۋەتلىرى تېخىمۇ خەتەرلىك. بۇ ئەھۋاللار، ئۇنىڭغا خوشنا بولغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بولۇپمۇ سېرىق ئەجدىرھانىڭ بىۋاستە تەھدىدى ئالدىدا تۇرغان قازاق خەلقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئۈچۈن ئىنتايىن خەۋپلىكتۇر. كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆرىدىغان ھازىرقى قازاق ھۆكۈمىتى بۇنى چۈشەنمەيدۇ ھەم چۈشۈنۈشنىمۇ خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى خىتاي ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ باسقۇنچىلىق سىياسەتلىرىنى ۋە زۇلۇملىرىنى 200 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بۇيان تارتقان ئۇيغۇر خەلقىدەك ئېتىپ يەتكىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەچچەمىڭ يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىياغا يامان نىيەت بىلەن ھەۋەس قىلىپ كەلگەن خىتاي باسقۇنچىلىرىغا دەرۋازىلىرىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، قاراقچىنى ئۆيىگە باشلاپ قويۇپ ئوڭدىسىغا يېتىپ چۈشەكەپ ئۇخلاۋاتىدۇ. كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، قازاقىستاننى سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدەنىيەت، ئاڭ ـ پىكىر تەرەپتىن ئۆمۈچۈك تورىدا چىرماپ بېقىندى ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. خىتاي دائىرلىرى بىر مىللىي ۋەزىپە سۈپىتىدە، 50 يىلدا ئوتتۇرا ئاسىيانى، 100 يىلدا شەرقى ياۋرۇپانى ئۆزلەشتۈرۈش پىلانىنى قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ.

مەن يۇقۇرىدا ئەيىپلىگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىدە پەقەتلا قازاق ھۆكۈمىتىنى كۆزدە تۇتتۇم. ئەگەر قازاق ھۆكۈمىتىدە ھەقىقى دېموكراتىيە، كەڭچىلىك، باراۋەرلىك بولغان بولسا ئىدى، خىتايغا بولغان خوشامەتچىلىك دىپلوماتىيەسى بىلەن، قازاقىستاندىن باشپانالىق تەلەپ قىلغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنى خىتاي جاللاتلىرىغا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمىگەن بولاتتى. مۇشۇ ئەھۋالدا قازاقىستان يەنە قايسى يۈزى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىن دوستى بولسۇن؟

ئەمدى نېمە قىلساق بولار؟ بىز ئۆزىمىز ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزئارا سەممىي ئىتتىپاقلىشىپ، مۇجادىلە سېپىمىزنى مۇستەھكەملىيلى. ئىقتىسادى ئورنىمىزنى ياخشىلاشقا تىرىشايلى. ئىتتىپاقلىششقا ۋە ھەمكارلىششقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەردىن پايدىلىنايلى. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىش، بەدەل تۆلەشتىن قاچماي، جىددى ھەرىكەتكە كېلىپ، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، تۈرۈك دۇنياسىدىكى، ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا، ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپانى گەۋدە

قىلغان ھەر دۇنيا مەملىكەتلىرىگە ۋە پۈتۈن دۇندا خەلقلىرىگە تېزراق ئاڭلىتىش ئۈچۈن جىددى ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. مېنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىم تۆۋەندىكىچە:

1 - ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بۇمەسىلىگە تېخىمۇ جىددى قاراپ، قازاق خەلقىگە، بولۇپمۇ قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە ئۇيغۇر خەلقى بىلەن قازاق خەلقىنىڭ قېرىنداشلىق تارىخىنى ھارماي - تالماي تەشۋىق قىلىپ ۋە چۈشەندۈرۈشى، خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە تۇتقان مۇستەملىكىچىلىك غەرەزلىرىنى ئۇلارغا ئاڭلىتىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى، ۋاكالەتخانىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك.

2 - ئەگەر قازاق ھۆكۈمىتى بىزنىڭ قېرىنداشلارچە سىلىق مۇئامىلىرىمىزنى توغرا چۈشەنمەي، بۇنى ئاجىزلىق، ئىقتىدارسىزلىق دەپ قارىسا، تېخىمۇ قاتتىق ۋە جىددى چارە - تەدبىرلەرنىمۇ قوللىنىشقا ئۆتۈش كېرەك.

3 - ھەر قايسى مەملىكەتلەردە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان، خەلقئارالىق قانۇنلارنى بۇزغان بۇ جىنايەتلىرىنى ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان مەملىكەتلەردىكى ھۆكۈمەت، مۇناسىۋەتلىك تەشكىلات، شەخسلەرگە ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ يالاقچىسى قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە بولغان بېسىمنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

4 - خەلقارادىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قانۇنسىز جىنايەتلىرىنى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنى ئاساس قىلغان دۇنيادىكى ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى قوللايدىغان خەلقارا تەشكىلاتلارغا ۋاختى - ۋاختىدا يەتكۈزۈپ تۇرۇشى ۋە ئۇلاردىن ئەمىلى چارە قوللىنىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.

5 - خەلقارادىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ھەر دۇنيا مەملىكەتلىرىگە خىتاي ۋە قازاق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشلىرىنى ئاڭلىتىپ، ئۇلاردىن ئەمىلى ياردەم تەلەپ قىلىش كېرەك. بۇ مەسىلىدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، فرانسىيە، روسىيە، ياپونىيە ۋە ئاۋىستىرالىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئالاھىدە ۋەزىپىسى بار، بۇنى ئۇلار ياخشى چۈشىنىشى كېرەك.

6 - تۆۋەنتە خەلقارادىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ؛ شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنىڭ بۇ مەسىلىدە كۆرستىۋاتقان تىرىشچانلىقى ۋە پائالىيەتلىرى تازا يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. ئاۋىستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى شۇ مىللىي مەركەزنىڭ قۇرغۇچى بىر ئەزاسى سۈپىتىدە مىللىي مەركەزنىڭ بۇ تەرەپتىكى پائالىيەتلىرىنى يەنىمۇ جىددىلەشتۈرۈپ، ئۆلۈم گىرداۋىدا قالغان قېرىنداشلىرىمىزنى تېزدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دۇنيا مىقياسىدا يېڭىدىن كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەتكە ئاتلىنىشنى ئۈمىت قىلىدۇ.

1999 - يىلى 6 - ئاي ( ئاۋىستىرالىيە - سىدنېي )

www.uyghurkitap.com



# «پادا باقاندا دوست ئىدۇق، ياخاق چاقاندا ئايرىلدۇق»

**(«ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى» نىڭ رەئىسى غۇلامىدىن ئەھمەت پاختىنىڭ، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ نەپەر ئۇيغۇرياشنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان مەخسۇس ماقالىسى )**

شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ قانلىق سەھىپىللىرىنى تولدۇرغان 1933 - يىلى بىلەن 1944 - يىللىرىدا قۇرۇلغان ئازات شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ، سوۋېت ۋە خىتاينىڭ تىل بىرىكتۈرىشى نەتىجىسىدە قانداق بولۇپ تارقالغانلىقىنىڭ ئۇنۇتۇلماس فاجىئەسى ھەممىمىزنىڭ يادىدا خۇددى ھازىرقىدەك تۇرۇپتۇ.

ماناشۇ تارىخى ساۋاقلاردىن دەرس ئالغان ئۇيغۇرخەلقى، ھۆر ۋە ئازات ياشىغۇچى ئوتتۇرائاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ، جۈملىدىن، قازاقىستاننىڭ موسكۋانىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇرتۇلۇپ، ئازات بولۇشنى، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ باشلانغۇچ «بىسمىللاسى» دەپ بىلگەن ئىدى.

ماناشۇ سەۋەپتىن، چەتئەللەردە ياشىغۇچى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېك مىللىي مۇنەۋۋەرلىرى ۋە مىللىي رەھبەرلىرى تاكى 1949 - يىلدىن باشلاپ خىتاي ۋە روسىيەدىن ئىبارەت ئىككى يۈزلۈك، شۇنداقلا ئىككى تىللىق ئىمپىريالىزىمغا قارشى بىرلىكتە كۈرەش قىلدى ۋە كۈرەش قىلىپ كەلگەن ئىدى.

سوۋېتلەرئىتتىپاقىنىڭ تارقىلىشى نەتىجىسىدە، ئۆزىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقلىرىنى ئېلان قىلغان بەش خوشنا جۇمھۇرىيەت قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مىللىي دۆۋلەت بايراقلىرى نيورۇكتىكى «بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى» ئالدىغا داغدۇغۇلۇق بىلەن ئېسىلغان چاغدا، ھەممىمىز سۆيۈنۈشتىن كۆزلىرىمىزياشلىنىپ، «ياشىسۇن، مىڭ ياشىسۇن قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلىرىمىز» دەپ دۇئا ۋە تەكبىرلەر بىلەن، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مىللىي بايراقلىرىنى سالاملاپ، سۆيۈنۈش كۆزياشلىرىمىزنى تۆككەن ئىدۇق ھەمدە، «ئەمدى قۇرتۇلۇش نۆۋىتى بىزگە كەلدى» دەپ سۆيۈنگەن ئىدۇق. ئەپسۇسكى پەلەكنىڭ گەردىشى يەنەبىزگە كۈلمىدى...

قازاقىستاندا تاكى 1970 - يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرتىلىدا چىقىۋاتقان «يېڭى ھايا گېزىتى» تاقىۋېتىلدى. ئىلمى ساھەدە شۇنداق چوڭ ۋە ئۇلۇق ئىشلارنى قىلىپ كەلگەن «ئۇيغۇرشۇناسلىق ئېنىستىتوتى» نىڭ پائالىيەتلىرى ۋە خادىملىرى چەكلىنىپ، قازاق ئاكادىمىيەسى يېنىدىكى كىچىككىنە بىرشۆبىگە ئايلىنىپ قالدى. قازاقىستاننى ئۆزۋەتىنى دەپ بىلگەن ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەزىزجانلىرىنى قۇربان بېرىپ، قازاقىستان ئۈچۈن جەڭ قىلغان يۈزلەرچە ئۇيغۇر شېھىتلىرىمىزنىڭ جەسەتلىرى قازاقىستاندا كۆمۈلگەن تۇرۇقلۇق، بۇيەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ۋە مەدىنى پائالىيەتلىرىنىڭ چەكلەنگەنلىكى يەتمىگەندەك، خىتاي جاللاتلىرىنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن، قازاقىستاندىن باش پانا تىلەپ كەلگەن ئۈچ ئۇيغۇرنى قازاق ھۆكۈمىتىنىڭ بىلىپ تۇرۇپ

( داۋامى 39 - بەتتە )

# « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ، قازاقىستان پىرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نەزەربايېۋقا يوللىغان خېتى

( ئەسكەرتىش: بۇخەت، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خەمىت مۇھەممەت قاتارلىق ئۈچ نەپەر سىياسى پاناھلىق تىلىگۈچى ئۇيغۇرياشنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ قازاقىستان پىرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نەزەربايېۋقا فاكىس ئارقىلىق ۋە قازاقىستانىنىڭ گېرمانىيىدىكى باش ئەلچىخانىسى ئارقىلىق يوللىغان مەخسۇس خېتىنىڭ ئەينەن نۇسخىسىدىن ئىبارەت. بۇخەت گېرمان تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، تەھرىر بۆلۈمىمىز تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى)

قازاقىستان پىرېزىدېنتى ھۆرمەتلىك نۇرسۇلتان نەزەربايېۋ جاناپلىرىغا:

مۆھتەرەم پىرېزىدېنت جاناپلىرىغا مەلۇمكى، ھۆكۈمىتىڭىز نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۈرمىلەردە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى قىيىن ـ قىستاقلارغا دۇچار قىلىنىۋاتقانلىقىنى، سوت قىلماي تۇرۇپ تۈركۈملەپ ئۆلتۈرۈلۈپ ـ قىرىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، ئەنە يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندىن ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ دۆۋلىتىڭىزگە قېچىپ چىقىپ سىياسى پاناھلىق تىلىگەن خەمىت مۇھەممەت، قاسىم مەخپىر، ئىنياز زوردۇن قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياشنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەردى، ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ بۇ قىلمىشى، ئۇلارنى بىۋاستە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىنى، غەيرى ئىنسانى سىياسى بېسىم ۋە قىرغىنچىلىقلارنى يېقىندىن كۆزىتىۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر ئۇيغۇر تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ بۇ ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياشنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىدەك غەيرى ئىنسانى قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىپلەش بىلەن بىرگە، دۆۋلىتىڭىزلارنىڭ بۇندىن كېيىن خەلقئارا كېلىشىمنامىلاردا ئېنىق كۆرسىتىلگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشىنى ۋە ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

پىرېزىدېنت جاناپلىرىغىمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، تارىختىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر بىرگە ياشاپ كەلمەكتە، بۇمىللەتلەر بىر ـ بىرى بىلەن ھەم دىنداش، ھەم قانداش بولۇپ، بۇخىل دىنداشلىق ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئەلمىساقتىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن بىزنىڭ تارىخى دۈشمىنىمىز بولغان خىتاي ئىمپىريالىزمى بۇ قېرىنداش مىللەتلەرنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا پۇرسەت ئىزدەپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ھۆكۈمىتىڭىز ئىنسان قېلىپىدىن چىققان خىتاي ئىمپىريالىزمىنىڭ يانتايىقى بولماي، قاتتىق ئېزىلىۋاتقان، خورلىنىۋاتقان ۋە سىزلەرگە قېرىنداش بولغان مەزلۇم ئۇيغۇر

خەلقىنىڭ تەرىپىدە تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشى كېرەك. ئەنە شۇندىلا مۇبارەك دۆلىتىڭىز قازاقىستان ئۆزىنىڭ تارىخى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

جاناپلىرىغا مەلۇم بولغايكى، تەشكىلاتىمىز «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»، ياۋروپادا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تەرىپىدىن 1990 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، تەشكىلاتىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداشنى، ۋەتىنىمىزدە دېموكراتىينى ھەقىقىي يوسۇندا تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ۋە كەلگۈسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساسى غايە ۋە مەقسەت قىلغان ھالدا پۈتۈن ياۋروپا مىقياسىدا پائالىيىتىنى داۋام قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. قازاقىستان مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندە بىز ئۇيغۇرلار ناھايىتى سۆيۈنگەن ۋە قازاق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خوشاللىقىغا ھەم تەنتەنىسىگە تەڭ ئورتاق بولغان ئىدۇق. چۈنكى بىز ئۇيغۇر خەلقى ئۆچۈنمۇ بىر مىللىي ئازاتلىق يولىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئىشەنچ بىلەن ھېس قىلغان ئىدۇق ۋە مۇستەقىل قازاقىستاننىڭ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازاتلىق كۈرەشلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل ئىدى. ئەپسۇسكى، دۆلىتىڭىزدە يۈز بەرگەن ئاخىرقى بۇ ۋەقە بىز بارلىق ئۇيغۇرلارنى قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە دۇچار قىلدى ۋە ناھايىتى ئەپسۇسلاندۇردى. ھەقىقەتەنمۇ بىز ئۆزىمىزگە قانداش، دىنداش ۋە خوشنا بولغان بىردوستىمىزدىن بۇنداق بىر ۋاپاسىزلىقنى ئەسلا كۈتمىگەن ئىدۇق.

يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قانخور خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن قازاق خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق رىشتىنى ۋە قېرىنداشلىق ئەھدىنى بۇزۇش ئۈچۈن ھەرخىل نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىپ كېلىۋاتىدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەم شۇنداق قىلىدۇ. شۇڭا بىز ھۇشيار بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ تۇزىقىغا چۈشمەي، تارىختىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن دوستلۇقىمىزنى تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇشىمىز ۋە ئۇنىڭ قەدرى ـ قىممىتىگە يېتىشىمىز لازىم.

ئاخىرىدا جاناپلىرىدىن شۇنى ئۈمىد ۋە تەلەپ قىلىمىزكى، دوست قازاقىستان ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا ۋە ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ ھەرخىل ھەقسىزلىق ۋە خورلۇقلارغا دۇچار قىلىنىشىغا قاراپ تۇرماسلىقى ۋە شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنى، مىللىي ئەركىنلىكلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈرلۈك كۈرەشلىرىگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشى كېرەك.

سىزگە چەكسىز ئېھتىرام ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ:

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى

ئەسقەرجان

1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى (گېرمانىيە)

# قازاقىستان ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە شېرىك بولماقتا

( قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىققان سىياسىي قاچقۇنلارنى تۇتۇپ خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ خەلقئارا تەشكىلاتلارغا يوللىغان مۇراجاتى )

نۆۋەتتە خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ ئېغىر ھالدا دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئومومىي باياننامىسىدا كۆرسىتىلگەن ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىدىن تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن تەلەپ قىلغان مىڭلارچە بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ تۈركۈملەپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقى، سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىيىن - قىستاققا ئېلىنىۋاتقانلىقى پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىلىنمەكتە، « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ يېقىندا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرى ھەققىدە ئېلان قىلغان 92 بەتلىك مەخسۇس دوكلاتىمۇ بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ جىددىي سىياسىي ۋەزىيەتكە ئاساسەن يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان خېلى كۆپلىگەن دۇنيا مەتبۇئاتلىرى شەرقىي تۈركىستاننى 2 - كوسوۋاغا ئوخشاتماقتا.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن بىۋاستە ئالغان مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، پەقەت 99 - يىلى 1 - ئايدىن 6 - ئايغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا 100گە يېقىن ئۇيغۇر خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. قىسقىسى، شەرقىي تۈركىستان خىتاي بويىچە يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان سىياسىي مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقان بىردىن - بىر رايوندىن ئىبارەت بولۇپ، 1989 - يىلى يۈز بەرگەن « بېيجىڭ ۋەقەسى » دىن بۇيان خىتاينىڭ ھېچبىر ئۆلكىسىدە (تىبەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سىياسىي جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىپ باقمىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ھاياتى خەتەر ئىچىدە قالغان ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ تۇتۇش بۇيرۇقى تارقىتىلغان بىرقىسىم ئۇيغۇرلار مىڭبىر تەسلىكتە شەرقىي تۈركىستانغا خوشنا بولغان قازاقىستانغا قېچىپ چىقىپ، قازاقىستان ھۆكۈمىتىدىن سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئىدى. ئەپسۇسكى قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ سىياسىي پاناھلىق تەلىۋىنى قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە خەلقئارا قانۇنلارغا

خىلاپ ھالدا بۇ ئۇيغۇرلارنى بىر - بىرلەپ قولغا ئېلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرمەكتە.

مەسىلەن، قازاقىستان ھۆكۈمىتى بۇيىل 2 - ئايدا شەرقىي تۈركىستاندىن ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېچىپ چىقىپ قازاقىستان ھۆكۈمىتىدىن سىياسى پاناھلىق تىلىگەن خەمىت مۇھەممەت، ئىلياس زوردۇن، قاسىم مەخپىر قاتارلىق 3 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى تۇتۇپ، ئۇلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەردى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ياشلارنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا دەرھال ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ياشلار ئۈستىدىن 1998 - يىلى تۇتۇش بۇيرىقى تارقاتقان ئىدى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇلارنى تۇتۇش توغرىسىدا چىقارغان رەسمى ئېلانىنىڭ ئەينەن نۇسخىسى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ يېقىندا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئېلان قىلغان 92 بەتلىك دوكلاتىدىمۇ يەر ئالغان.

قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقارقى قىلمىشى چەتئەلدە ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى، كۆپلىگەن دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار قازاقىستاننىڭ بۇ قىلمىشىغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىمۇ بۇ ھەقتە مەخسۇس مۇراجەتنامە تارقاتتى. شۇنداقتىمۇ قازاقىستان ھۆكۈمىتى بۇخىل غەيرى ئىنسانى قىلمىشلىرىنى توختاتقىنى يوق. قازاقىستاندىكى «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئىنفورماتسىيون مەركىزىمىزگە بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇيىل 4 - ئايدىن بۇيان قازاقىستان ھۆكۈمىتى يەنە شەرقىي تۈركىستاندىن ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېچىپ چىققان سابىت روزى، ئۈمىت ئابدۇساتتار، روزى سەمەت، شائىليار شامەنسۇر، ئازات سەمەت، سەيپىدىن شەمسىدىن، زوردۇن قاتارلىق ئۇيغۇر ياشلىرىنى قولغا ئېلىپ، قازاقىستان بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ ۋاقىتلىق تۈرمىسىگە قامىغان ۋە بۇلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ھازىرلانماقتا.

دۇنيا جامائەتچىلىكىگە مەلۇمكى، نۆۋەتتە كوسوۋاغا خوشنا بولغان ئالبانىيە، ماكېدونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىكى ئېغىر قىيىنچىلىقىغا قارىماي سىرپلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇرتۇلۇپ قېچىپ چىققان نەچچە يۈزمىڭلىغان كوسوۋالىق مۇساپىرلارنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ئىنسانى ياردەم قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن گۈزەل ئۈرنەك بولدى، يەنە كۆپلىگەن غەرىپ ئەللىرى ئۆزلىرى بىلەن دىنى ۋە ئىرقىي جەھەتتە ھېچبىر ئوخشاشلىقى بولمىغان نەچچە مىڭلىغان كوسوۋالىق مۇساپىرلارنى باغرىغا بېسىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئۇزئارا قېرىنداشلىق ۋە مېھرى - شەپقەتنى نامايەن قىلدى. ئەپسۇسكى، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرىگە ھەم خوشنا، ھەم دىنداش، ھەم قانداش بولغان بىرقانچە ئۇيغۇرنى باغرىغا باسالمىغانلىقى، ئەكسىچە ئۇلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىپ ئوپ - ئوچۇق ھالدا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىكى، بۈيۈك بىر ئىنسانلىق ئەيىپىدىن ئىبارەتتۇر. قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ غەيرى ئىنسانى قىلمىشى، قازاقىستاندا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان بىر مىليونغا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكىنى زىدىلەپلا قالماستىن، بەلكى شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ئۇيقۇرلارنىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغىدى.

نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا 1 مىليون 200 مىڭدىن ئارتۇق قازاق خەلقى ئۇيغۇرخەلقى بىلەن

( داۋامى 85 - بەتتە )

## چەتئەللىكلەر نەزىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان:

# تىنچسىزلىق

مايلىس كلېمانس (ئاۋۇستىرالىيە)

تىبەتلىكلەرنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى بارغانسىرى خەلقئارانىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاۋاتقان بۈگۈنكى ۋاقىتتا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى دىققەت - ئېتىبارىنى يەنە بىر بۆلگۈنچى كۈچگە قارىتىشقا مەجبۇر بولدى. دۇنيا نۇختىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىسلام ئەللىرىدىن باشقا تېخى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىگە تونۇلمىغان، جۇڭگونىڭ غەربىدىكى موھىم ستراتېگىيىگە ئىگە ئۆلكە شىنجاڭ رىقابەت ئىچىدە تۇرماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇئۆلكىدە بۆلگۈنچىلىك ھەركەتلىرى ئىزچىل يۈز بېرىپ كەلدى. نۆۋەتتە تىبەت داۋاسى ھەققىدە خەلقئارادا نۇرغۇن ماتېرىياللار تارقالماقتا، شۇنداقلا يېقىندىلا ھوللىيۇد تىبەت ھەققىدە مەخسۇس فىلىم ئىشلىدى، بۇئەھۋاللار خىتاي ھۆكىمىتىنى قاتتىق بىئارام قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما تەقدىرى ئوخشاش، جۇغراپىيەلىك ئورنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تۇتىشىپ تۇردىغان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دالاي لاماغا ئوخشاش ھەممە ئېتىراپ قىلغان، ئۆز داۋاسىنى ئېلىپ باردىغان بىرشەخسى يوق.

خىتاينىڭ زېمىنىنىڭ ئالتىدەن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ ئۆلكىدە ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان 13 مىللەت بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ سۈننى مەزھىپىگەمەنسۇپ بولغان ئۇيغۇرلار، بۆلگۈنچىلىك ھەركەتلىرنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلماقتا. ئۇلار ئۆلكىدىكى 17 مىليون ئاھالىنىڭ 8 مىليۇنىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، بۇئۆلكىدىكى ئاھالىسى ئەڭ كۆپ مىللەت ھېساپلىنىدۇ. شۇنداقلائۇلار ئېتنىك جەھەتتىن بېيجىندىكى ھۆكۈمران مىللەتكە قارىغاندا ئۆزىنىڭ غەربىگە جايلاشقان تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى مىللەتلەرگە بەكرەك باغلىنىشلىق.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، بىر زامانلاردا يىپەك يولىنىڭ مەركىزى بولغان شىنجاڭنىڭ چېگرىلىرى تاشقى دۇنياغا پۈتۈنلەي تاقالغان ئىدى. بىراق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چېگرالار سودا ئۈچۈن سىرتقا ئېچىۋېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇچۇر- ئالاقە ئالماشتۇرۇشقا شارائىت تۇغۇلدى.

1979 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن، بۇ ئۆلكىدىمۇ مۇستەقىللىق تۇيغۇلىرى باشقىدىن باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇپ بولىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا پارچىلىنىشى، ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن تۈرتكۈلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى ئافغانىستاندىكى مۇجاھىتلار ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومومى يۈزلۈك باش كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان چاغدا، بۇھال پۈتكۈل شىنجاڭغىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. كوممۇنىستلارنىڭ كونتۇروللىقىدىن كېيىن شىنجاڭغا كۆچۈرۈلگەن ۋە ئولتۇراقلاشقان خىتايلارنىڭ سانى غايەت زور دەرىجىدە ئېشىپ، يەرلىك ئاھالىنىڭ نىسبىتىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. 1949 ـ يىلى شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ سانى پەقەت 2 ـ 3 پىرسەنت دەپ ھېساپلانغان بولسا، ھازىر ئۇلارنىڭ سانى 6 مىليونغا چىقىپ، 48 پىرسەنتكە يەتكەن. مۆلچەرلىنىشچە كېلەركى بىرقانچە ئون يىل ئىچىدىلا خىتايلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئاھالىسى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىكەن.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېرورىستلار پەيدا قىلغان ۋەقەلەر توغرىسىدىكى خەۋەرلىرى ئىشەنچسىز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا 1990 ـ يىل ئاپرىلدا شىنجاڭنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى قەشقەرگە يېقىن رايۇندا ھۆكۈمەتنىڭ مەسجىتلەرنى تاقىغانلىق سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن نامايىشتا، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن 60 ئۇيغۇرنىڭ ئېتىپ تاشلانغانلىقى خەۋەر قىلىندى. ھۆكۈمەت ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ھېسسىياتىغا نىسبەتەن باستۇرۇش، روھىختىكە ئېلىنمىغان دىنى سورۇنلارنى چەكلەش، دىنىي ئۆلىما ۋە ئىماملارنىڭ سىياسى كۆز قارىشىنى مەجبۇرى ھالدا تېلېۋىزورلاردا كۆرسىتىش ۋە «قانۇنسىز» دىنى ھەركەت ھوقۇقلىرنى قاتتىق چەكلەش قاتارلىق ئۇسوللاربىلەن جاۋاپ قايتۇردى.

1996 ـ يىلى خىتاينىڭ بىخەتەرلىكنى قوغداش كۈچلىرى ئاقسۇدىكى بىر يېزىدا ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگۈزۈلگەن يېنىك قوراللار بىلەن قوراللانغان ئۇيغۇرلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان. نەتىجىدە خىتاي ھۆكۈمىتى بىر قانچە مىڭ خەلىق ئازاتلىق ئارمىيەسىنى ئۆلكىگە يۆتكەپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان.

1997 ـ يىلى فېۋرالدا ئۆلكىنىڭ شىمالىدىكى غۇلجا شەھرىدە يەنە توپىلاڭ يۈز بەردى. بۇ توپىلاڭدا ئۇيغۇرلار تەرەپ ـ تەرەپتىن قوزغىلىپ، ماشىنىلارنى كۆيدۈرۈپ، خىتايلارنىڭ دۇكانلىرىنى ۋەيران قىلىپ، خىتاي دۆلەت بايرىقىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان ۋە مۇستەقىللىق شۇئارلىرىنى توۋلاشقان. بۇ توپىلاڭدا ئۇيغۇر ۋە خىتايلاردىن بولۇپ 90 ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىگى خەۋەر قىلىنغان.

دېڭ شياۋپىڭ ئۆلۈپ ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ ئاپتوبۇس پارتلاپ، ئاز دېگەندە 9 ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان، 74 ئادەم يارىدار بولغان. ئارقىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بېيجىڭنىڭ ئادەم ئەڭ كوپ توپلىشىدىغان رايۇنىدا بىر بومبا قاتتىق پارتلىغان. بۇ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىك كۆرشىنىڭ ئەمدى خىتاينىڭ يۈرىكىگىچە يىتىپ بارغانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ

تىبەت ۋە شىنجاڭ يولگۇنچى كۈچلىرىنىڭ پايتەختكىچە سىڭىپ كىرگەنلىگىدىن قاتتىق چۆچىگەن بېيجىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت، يېقىندىن بۇيان مېھمانخانىلارنى قورشاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. قازاقىستان، تۈركىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئۇيغۇرلارغا قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان بارلىق مېھمانلارنى مېھمانخانىلاردىكى كۆزىتىش ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق كۆزەتكەن ۋە تېلفون ئاپپاراتلىرنى ئوغۇرلوقچە ئاڭلىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي داۋاسىغا كېلىدىغان ياردەم يالغۇز قازاقىستان، قىرغىزىستاندىن كېلىپلا قالماي، بەلكى يىراقتىكى سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئىرانغا ئوخشاش مۇسۇلمان دۆلەتلەردىنمۇ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بىر قاتار ياردەملەر ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەللەردە چىقىۋاتقان تەشۋىقات ماتىرىياللىرىدىن ۋە سەرگەردان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدىكى ئىقتىسادى ئاساسقا ئىگە كىشىلەردىن بولماقتا.

ئىلگىرى شىنجاڭداخېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل

تۇرغان «ئاسىيا - تېنچ ئوكيان بىخەتەرلىكىنى تەتقىق قىلىش مەركىزى» دىكى دروگلاندېي ئەپەندى مەزكۇر ژورنالنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: « ۋاشىنگىتوندىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان تەرىپىدىن، باشقا تەشكىلاتلارنىڭكى بولسا تۈركىيە ۋە ئىراندىكى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن تەمىنلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق». ئېلىدىكى قوزغىلاڭدىن كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى غەرىپ ئىنسان ھەقلىرى ئورگانلىرىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى دىنى ئەركىنلىككە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىنى تەلەپ قىلغان.

ئۆتكەن بىرنەچچە يىلدا بۆلگۈنچىلىك ۋەقەلىرى ئاندا- ساندا يۈز بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما 1998 - يىلى ئاۋغۇستتا قەشقەرنىڭ يىراق يېزا بازىرىدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن سەككىز خىتاي ساقچىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسى بىلەن پۈتكۈل شەھەر قاتتىق قامال قىلىنغان. شىنجاڭنىڭ پارتكوم سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن شاڭگاڭغا كەلگەندە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن ۋە نۆۋەتتە شىنجاڭدا تېررورلۇق ھەركەتلىرى ياكى ئۈچىغا چىققان ئەكسىلئىنقىلابى قىلمىشلارنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىنى ئېقرار قىلغان. ۋاڭ ئۆز سۆزىدە ھەتتا ئافغانىستاندىكى تالىبانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 19 تېررورىستتىن تەشكىل تاپقان بىر گۇرۇھ شىنجاڭغا ئوغرىلىقچە كىرىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەركەتلىرى ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېيتقان. ياۋروپا ئاگېنتلىقلىرى بولسا مۇجاھىدلارنىڭ شىنجاڭغا ئېۋەتلىشىدە ۋە خىتايغا قارشى قىلىنغان بىر قىسىم مۇجاھىدلىق ئۇرۇشلىرىدا ھالقىلىق رول ئوينىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى تىبەتلىكلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ چەتئەللەردە داۋا ئېلىپ بېرىۋاتقانلىرى شەرگەردان ھۆكۈمىتى يوق. ئەمما شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوراللىق گۇرۇپپىلاردىن قورال - ياراقلارغا ئېگە بولماقتا. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى قازاقىستاندىكى ئالمۇتا ئەتراپىدىن كەلمەكتە. ئۇ يەردىكى شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى ئۆز ئالدىغا گېزىتلەرنى چىقىرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە ۋە گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا تارقاتماقتا. ئۇندىن باشقا تەشكىلاتلارنىڭ يەنى مىڭدىن كۆپ ئەزاغا ئىگە شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ ھەركىتىمۇ ناھايىتى جىددى. شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق فرونتى شىنجاڭدىكى تۆمۈر يوللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرۇلۇشلارنى پارتلىتىشنى تەشەببۇس قىلماقتا. بەزى ئەللەردىكى ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرى تىبەتلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ ئىش ئېلىپ بارماقتا.

1998 - يىلى 7 - ئايدا رەئىس جاڭ زېمىن شاڭگاڭنى قايتۇرۇۋالغانلىقنىڭ بىر يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تەبرىك يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن ۋە شىنجاڭنىڭ تېنچلىقىنىڭ جۇڭگو ئۈچۈن نەقەدەر موھىملىقى توغرىسىدا سۆز قىلغان. ئۇ سۆزىدە شىنجاڭدا داۋاملىق يۈز بېرىۋاتقان بۆلگۈنچىلىك ھەركەتلىرىنى قەتئى باستۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە قانۇنسىز دىنى ھەركەتلىرىنى قەتئى توسۇپ، ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ يولىنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ ئىنتايىن موھىملىقىنى تەكىتلىگەن.

ئارقىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا رەئىس جاڭ زېمىن قازاقىستانىنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش جۇمھۇرىيەتنى زىيارەت قىلغان. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى شىنجاڭغا چېگرىداش بولغان ئوتتۇرا

www.uyghurkitap.com



ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەركەتلىرىنى قوللىماسلىق ۋە ئۇنى توسۇش مەقسىدە ۋەدە ئېلىشنى مەقسەت قىلغان. ئەمما ئۇنىڭ دەل ئاشۇ زىيارىتى جەريانىدا شىنجاڭدا يەنە كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ بومبا پارتىلىدى. شۇنداقتىمۇ جاڭ زېمىن بۇ دۆلەتلەر بىلەن بۆلگۈنچىلەرنى قوللىماسلىق توغرىسىدا كېلىشىملەرنى ئىمزالاشقا مۇۋەپپەق بولدى.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئىستراتېگىيىسى ۋە ئىقتىسادى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئۆلكە تاش يول ۋە تۆمۈر يوللار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يىراققا ئۆلىنىپ ياۋروپاغىچە يېتىپ بارالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدا نېفت ۋە تەبىئى گاز زاپىسى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇ پۈتۈن مەملىكەت نېفت ۋە تەبىئى گاز زاپىسىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگەللەيدۇ. 1993 ـ يىلدىن باشلاپ جۇڭگو نېفت ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلانغان ئىدى. ھازىر بولسا شىنجاڭ ئۆزىنىڭ 20 مىليارت تونىدىن ئارتۇق نېفت زاپىسى، 280 مىليارت كۇبمېترلىق تەبىئى گاز زاپىسى بىلەن بۇنى ھەل قىلىشنى كۆتمەكتە.

شىنجاڭ يەنە كۆمۈر، تۆمۈر، قىممەتلىك تاش ۋە ئۇنىدىن باشقا نۇرغۇن تەبىئى بايلىققا ئىگە بولۇپلا قالماي، جۇڭگونىڭ يەنە ئاساسلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونىدۇر. ئۆتكەن بىر يىلدا شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەت پاختا ئومۇمى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ %25 نى ئىگەللىگەن. 1997 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئومومى كىرىمى 103 مىليارت يۈەن ( 12.6 مىليارت ئامېرىكا دوللىرى) غا يېتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى 9.5 پىرسەنت بولغان. بۇ، جۇڭگونىڭ يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ غەربىدىكى بۇ رايونىنىڭ ئىختىسادىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. جۇڭگونىڭ 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرغىچە بولغان بەش يىللىق پىلانى ئىچىدە، شىنجاڭنىڭ ھەرخىل تاشيول، تۆمۈريول، ئېلېكترئىستانسىسى ۋە باشقا ئاساسى قۇرۇلۇشقا سالغان ئومومى مەبلىغى 170 مىليارت يۈەنگە يېتىپ، بۇ، مۇشۇ رايونغا 1949 ـ يىلدىن 1991 ـ يىلىغا قەدەر سېلىنغان ئومومى مەبلەغقە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇربۆلگۈنچىلەر ھېچقاچان ئاساسى قۇرۇلۇش پىروگراممىلىرىنى توسۇشقا ھەرىكەت قىلىپ باقمىغان. دىرگلادنېي ئەپەندىنىڭ كۆزىتىشىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى بۇخىل بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ھازىرغىچە بىرەر سانائەت تارماقلىرىدا ياكى ئاساسى قۇرۇلۇش ھىساپلانغان نېفت ئايرىش زاۋۇتلىرى، نېفت تۇرۇبىللىرى ۋە ياكى پويىز ۋە تۆمۈريوللاردا يۈزبەرمىگەن. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئاساسى نىشانى ساقچى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ھۆكۈمەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان مىللىي مۇناپىقلارغا قارىتىلغان.

شىنجاڭنىڭ تارىخى ئۇزۇن، بۇرايون بىرزامانلاردا چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى قۇبىلايخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۆتكەن. ماركپولو موڭغول ئىمپىرىيىسىنىڭ تازا روناق تاپقان دەۋرىدە، يەنى 73 ـ ئەسىرلەردە مۇشۇرايوندىن ساياھەت قىلىپ ئۆتكەن. شىنجاڭ پەقەت 1759 ـ يىلى مانجۇ چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپ ئۆلكىگە ئايلاندۇرۇۋېلىنغان. شۇندىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن بۇزىمىنغا «شىنجاڭ» دىگەن نام (يېڭى تېرىتورىيە دىگەن مەنىدە) بېرىلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىققە بولغان ئىنتىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئۇلارتېخى يېقىنقى دەۋردىلا، يەنى 1944 ـ يىلى جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مۇشۇ رايوندا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتالغان يېڭى بىردۆلەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى. 1950 ـ يىلى جۇڭگو ئازاتلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇقىسقا مۇستەقىللىق دەۋرىگە خاتىمە بەرگەن. شۇندىن باشلاپ شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېرىتورىيىسىگە قوشۇۋېلىنغان ۋە 1955 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ئاپتونوم رايونغا ئۆزگەرتىلگەن . ئەمما، قىسقا مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى چوڭقۇر مەدەتلەرنى قالدۇرغان.

جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى ئادەمنى جەلىپ قىلارلىق دەرىجىدە گۈللىنىشى ـ ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئاسىيادا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغانلىقىدىن دېرەك بەيرسە، يەنە بىرتەرەپتىن، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىران ۋە تۈركىيەگە ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ ياردىمى بىلەن يۈزبېرىۋاتقان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى توسۇشتا تېخىمۇ قاتتىق پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىمەكتە.

جۇڭگو ـ شىنجاڭنىڭ ئىختىسادى تەرەققىيات ۋە باشقا ئىستراتېگىيىلىك جەھەتلەردىكى موھىملىقىنى چوڭقۇرھېس قىلماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جۇڭگونىڭ 12 دېۋىزىيە ئارمىيىسى شىنجاڭنىڭ روسىيە ۋە ھىندىستانغا چېگرىداش رايونلىرىنى كېچە ـ كۈندۈزباقماقتا.

(بۇ ماقالە «ئاۋۇستىرالىيە ھەپتىلىك ژورنىلى» نىڭ 1998 ـ يىللىق 10 ـ ساندىن تەرجىمە قىلىپ ئېلىندى)

**ئەنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەت**

**************************

( بېشى 80 ـ بەتتە )

قېرىنداشلىق ئىچىدە باراۋەر ياشاپ كەلمەكتە، قازاقىستاندىمۇ 500 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشىماقتا، ئەگەر قازاقىستان ھۆكۈمىتى يۇقارقىدەك غەيرى ئىنسانى قىلمىشنى داۋاملاشتۇرىۋەرگەن تەقدىردە، ئۇيغۇرخەلقى بىلەن قازاق خەلقى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار كۈچىيىپ، كەلگۈسىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇقىملىقىغا جىددى تەھدىت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن بارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردىن بۇمەسىلىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ غەيرى ئىنسانى قىلمىشنى دەرھال توختىتىشىغا بېسىم ئىشلىتىشنى ۋە قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارالىق ئەھدىنامىلاردا كۆرسىتىلگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى جىددى تەلەپ قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

**ئابدۇجلىل قاراقاش**

**«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسيون مەركىزى»**

**نىڭ رەئىسى**

(1999 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى)

( گېرمانىيە ـ ميۇنخىن )

### چەتئەل مەتبۇئاتلىرىدا شەرقىي تۈركىستان:

# «بۆلگۈنچى» لەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق قىيىن - قىستاقلىرىغا دۇچار بولماقتا

مىخائىل لارس

( « ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى » 21 - ئاپرېل خەۋىرى، بېيجىڭ):

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ 20 - ئاپرېلدىكى دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، خىتاينىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھۆكۈمەت شۇ رايوندىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنى «بۆلگۈنچىلىك» ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى، دېگەن باھانە بىلەن تۈركۈم - تۈركۈملەپ تۇتقۇن قىلىپ، ئېغىر قىيىن - قىستاق ئاستىغا ئالماقتا ۋە ئۆلتۈرمەكتە. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بۇرۇنقى سىياسىي جىنايەتچىلەر بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتكە ئاساسلانغاندا، تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇرلارغا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىيناش ئۇسۇللىرىنى ۋە جىسمانى تاجاۋۇزچىلىق قىيناش چارىلىرىنى قوللانماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەمنى چۆچىتىدىغىنى سىياسىي جىنايەتچىلەرگە قارىتا ھەتتا جىنسىي ئەزالىرىنى نابۇت قىلىشتەك ئۇسۇللارنى قوللاغان.

بەزى مەخپىي ئورگانلارنىڭ ئىگەللىگەن خەۋەرلىرىگە قارىغاندا 1997 - يىلى فېۋرالدىكى نامايىشتا قولغا ئېلىنغان سىياسى مەھبۇسلارنى قاتتىق سوغۇقتا سائەتلەپ يالاڭ تۇرغۇزۇش، قاردا ياتقۇزۇشقا ئوخشاش جازالاش ئۇسۇللىرىنى قوللانغان.

لوندوندىكى ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرى گۇرۇپپىسى ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىگەللىگەن ئەھۋالىغا ئاساسەن تەييارلىغان دوكلاتىنى، « شىنجاڭدا ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرى ئېغىر دەپسەندە قىلىنماقتا » دېگەن تېمىدا جەنۋەدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىسسىيەسىگە سۇنغان. مەزكۇر كومىسسىيەگە ئامېرىكىمۇ خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى توغرىسىدا مۇزاكىرە دوكلاتىنى سۇنغان ئىدى.

شىنجاڭ ئۆلكىسى خىتايدىكى ئەڭ تېنچسىز رايون ھېساپلانماقتا. بۇ رايوندىكى يەرلىك خەلق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇر، قازاقلاردىن ئىبارەت. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ رايوننى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن مىليونلىغان خىتايلارنى بۇ رايونغا مەجبۇرى يەرلەشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇ رايوندىكى مۇستەقىللىق ۋە دىنى ھەركەتلەرنى قانلىق باستۇرۇشنى ئېلىپ بارماقتا.

«تېرورىست » لار « شەرقىي تۈركىستان » نى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەزكۇر ئۆلكىدە ھەتتا يىراقتىكى بېيجىڭدىمۇ بومبىلارنى پارتىلىتىپ بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىگە ۋە يارىدار بولۇشىغا سەۋەپ بولغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا ئافغانىستاندىكى تالىبانلار شىنجاڭدىكى «تېرورىست» لارنى تەربىيىلەپ بېرىۋاتقان ئىكەن.

( داۋامى 109 - بەتتە )

## ۋەتەندىن كەلگەن خەت:

# خوتەن ۋىلايىتىدە دىنىي ساھە ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىماقتا

مەسجىد مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدىغان جايى. قايسى يەردە مۇسۇلمان بولىدىكەن، شۇ يەردە مەسجىد بولىدۇ. مەسجىد، مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان، ئوقۇش - ئوقۇتۇشنى، بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنى ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پائالىيەت مەركىزى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بەزى ھادىسىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مەركىزى. مۇسۇلمانلار ئاممىسى بىلەن مەسچىتنىڭ مۇناسىۋىتى شۇكى، مۇسۇلمانلارنى مەسچىتتىن ئايرىۋەتكەنلىك، ئۇلارنى قانات - قۇيرۇقىدىن، كۆرىدىغان كۆزىدىن، سۆزلەيدىغان تىلىدىن ئايرىۋەتكەنلىك. مۇسۇلمانلارنى مەسچىتتىن ئايرىۋەتكەنلىك، ئاللاھ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان مۇقەددەس بۈيۈك ئىنسانىي ھوقۇقىدىن ئايرىۋەتكەنلىك ۋە ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى دەپسەندە قىلغانلىق. دېمەك، مەسجىد مۇسۇلمانلارنىڭ غۇرۇرى، شۇنداقلا پەخرى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، كوممۇنىستلار دىنسىزدۇر، كوممۇنىستىك پارتىيە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىدۇر. خەلقىمىز مەسچىتنى ئەنەشۇ سەپسەتىۋى ۋە خۇراپىي كوممۇنىستىك ئەقىدىلەرگە قارشى قالقان قىلغان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز ئىتىقادىنى قوغداپ كەلگەن ئىدى. بۇخىل رىياللىقنى كومپارتىيە سىنىپىي ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە كوممۇنىستىك ئەقىدىسىنىڭ تارقىلىش يولىغا قويۇلغان توساق، دەپ قاراپ، دۈشمەنلىك تىغ ئۇچىنى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە پۈتكەن مەسچىتلەرگە قاراتقان بولۇپ، كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈۋاتقان 49 يىللىق تارىخ، مەسچىتلەرنىڭ ۋەيران قىلىنىش تارىخى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسى، شەرقىي تۈركىستان مەسچىتلىرىنىڭ كىشىنى ئويغا سالىدىغان ئاددىي مىسالى بولالايدۇ.

1949 - يىلى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى باشلىنىشتىن بۇرۇن، خوتەن ۋىلايىتىدە 7489 ئورۇندا مەسچىد، 263 دىن ئارتۇق مەدرىس، 8100 دىن ئارتۇق دىنىي ئۆلىما، 12000 دىن ئارتۇق تالىپ بار بولۇپ، ھەر 87 ئادەمگە بىر مەسچىد، 81 مۇسۇلمانغا بىر ئۆلىما توغرا كېلەتتى. كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئالغاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك ئىدىيەنى مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقنىڭ ئېتىقادىنى يوقۇتۇش، قۇربان بېرىش روھىنى سۇندۇرۇش، ئىسلام مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىش، ئۆزىنىڭ ئەسلى - نەسلىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ۋە مۇستەملىكە رايونىنى ئۆزىنىڭ ئايرىلماس زېمىنى قىلىشنىڭ مۇھىم بىر ئاملى دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي قانلىق قىلىچىنى ئىسلام دىنى ھەم دىنغا ئىشىنىدىغان خەلق ئۈستىدە ئوينىتى. كوممۇنىستىك پارتىيە ھەرخىل بانا - سەۋەپلەرنى كۆرسىتىپ، مەشھۇر زاتلارنى،

www.uyghurkitap.com



ئاتاقلىق دىنى ئۆلىمالارنى، خەلققە باش بولالايدىغان سىياسىي ئەربابلارنى نەزەربەنت ئاستىغا ئالدى، مەخپىي ۋە ئوچۇق - ئاشكارە ئۆلتۈردى، تۈرمىلەرگە سولاپ، نەچچە ئون يىللىق، ھەتتا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ، ئۇلارنى جەمئىيەتتىن، خەلقتىن ئايرىۋەتتى. شۇ سەۋەپتىن خەلق قوزغۇلۇپ ئارقا - ئارقىدىن كومۇنىستلارغا قارشى ئازاتلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، كومۇنىستلارنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا باستۇرۇلدى. كوممۇنىست ھاكىمىيەت مۇستەملىكىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقىمىزنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى چىقىش روھىنى يىلتىزىدىن يوق قىلىش مەقسىتىدە، ھەر - خىل قەدەم باسقۇچلۇق ئالدامچىلىق سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزدى. 1958 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئاتالمىش «دىنى ساھەدىكى ئىستىل تۈزۈتۈش ھەركىتى»، باسمىچى سىياسەتنىڭ كۈنسىرى ۋەھشىلەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولدى. ئۇلار مەدرىسلەرنى پېچەتلىدى، مۇددەرىسلەرنى تۇتقۇن قىلدى، دىنى ئوقۇغۇچىلارنى تارقىتىۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ، تارىخى ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولغان جايلارنى ۋەيران قىلىشقا كىرىشتى. خوتەن شەھرىدىكى ئالتۇن مازاردا مەشھۇر ئىسلام ئۆلىمالىرىمىزنىڭ مەقبەرىسى، ئاتاقلىق ئىسلام غازاتچىلىرىمىزنىڭ شېھىتلىكى، مۇقەددەس ئىسلامنى، ئىسىل ئەنئەنىنى، پارلاق مەدەنىيەتنى قالدۇرۇپ كەتكەن سانسىزلىغان ئاتا - ئەجداتلىرىمىزنىڭ مەقبەرىسى بار بولۇپ، ئىمارەت ھەم گۈمبەزلىرى ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا مەشھۇر ئىدى. ئالتۇن كۆل خوتەندىكى مەشھۇر جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، يىلدا بىر بولىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەركىزى ئىپەك - پىلە سودىسى، شۇنداقلا تاشقى سودا پائالىيەتلىرى مۇشۇ كۆل بويىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. كومۇنىست ھاكىمىيىتى مۇسۇلمانلارنىڭ جان تومۇرى، ئىپتىخارى بولغان بۇ جايغا ئىپلاس قولىنى سوزۇپ، ئاتاقلىق دىنى ئەربابلار، مەشھۇر ئۆلىمالارنى يىغىپ مەجبۇرى ھالدا ئەمگەككە سېلىش، قارشى چىقسا، «كومپارتىيەگە قارشى چىقتى» دەپ قاراپ ئىشتىن ھەيدەش شەرتى ئاستىدا ئالتە ئاي مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىپ، تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تارقاتقۇچىسى، ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ نامايەندىسى، موسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسى، سىياسەت، مەدەنىيەت، مەرىپەت مەركىزى خاراپلىققا ئايلاندى. مەسچىت، مەدرىسلەر چېقىپ تاشلاندى. قەبرىلەر بۇزۇلۇپ، يەرلىكلەرگە سۇ باشلاپ تۈزلىۋېتىلدى. كىتاپلار كۆيدۈرۈلۈپ، ئەبەدى مىراسلار يوق قىلىندى. جاھالەت قاراڭغۇلىقىنى يورۇتقان، خەلقىنىڭ قارا دىلىنى ئاقارتقان، خەلقنى ئىلىم - مەرىپەت، تەرەققىيات گۈلشىنىگە ئېلىپ بارىدىغان نۇرلۇق مەشئەل ئۆچۈرۈلدى. شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى قايتىلاندى. خەلقنى دۇنيادا تەرەققىياتتىن، يېڭى ئىلىم - پەن نەتىجىلىرىدىن ئايرىۋەتتى، خەلق ئۆز ھوقۇقىدىن ئايرىلدى، شۇنداقلا خەلق ھەممە نەرسىدىن ئايرىلدى. رەھىمسىز سىياسەت تۈپەيلىدىن 1966 - يىلىغا كەلگەندە خوتەن ۋىلايىتىدە بىرمۇ مەدرىس قالمىدى، دىنى ئوقۇغۇچىدىن بىرسىمۇ دىن ئۆگىنىشكە پېتىنالمىدى، مۇددەرىسلەر قامال قىلىندى. مەسچىتلەردىن 1681 مەسچىت قالغان بولۇپ، بۇلارمۇ پۈتۈن خەلق قاتتىق قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ۋاقتىنچە قالدۇرۇلغان ئىدى.

چىقىۋېتىلگەن مەسچىتلەرنىڭ ياغاچ ـ تاشلىرى كوممۇنادا كوممۇنىست قۇرلۇشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى، ئوتۇن قىلىپ قالاندى، خەلقنىڭ قان تەرى بۇلاندى، بۇزۇلدى، ۋەيران قىلىندى، ئۆلىمالارنى تۇتقۇن قىلىش، ئۆلتۈرۈش، تۇۋا قىلدۇرۇش قاتارلىق باسمىچى سىياسەت يۈرگۈزۈلگەچكە، ئۆلىمالار سانى ناھايىتى تېز ئازلاپ 2634 نەپەرگە چۈشۈپ قېلىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتى 525 كىشىگە بىر مەسچىت، 335 كىشىگە بىردىن ئۆلىما توغرا كېلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

1966 ـ يىلى جۇڭگودىكى زۇلمەتلىك يىللار باشلاندى، دەھشەتلىك سىياسەت كەسكىنلەشتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى يەنە بىر قېتىم ئېغىر زەربىگە دۇچ كەلدى. تارىختا داۋاملىشىپ كەتكەن مۇستەملىكە سىياسەت قاتتىقلاشماقتا ئىدى، ئۆلىمالار تۇتقۇن قىلىندى، ئۆلتۈرۈلدى، مەسچىتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن چېقىلىشقا باشلىدى ھەمدە ئاتخانا، قوتان، توڭگۇزخانا، ئامبار، سامانخانا، مەجلىسخانا قىلىندى. خەلق ئىچىدە بىرمۇ مەسچىت بولماسلىق ھالىتى شەكىللىنىپ، ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن مەسچىتلەر بولۇپ قالغان مەسچىتلەر پۈتۈنلەي چېقىپ تاشلاندى. ئۆلۈمالارغا قالپاق كەيگۈزۈپ، ئۇرۇپ ـ قىيناپ ساق قالغانلىرى 1400 ئەتراپىدا ساقلىنىپ قالدى، بۇلار پەقەت ئەڭ ئاددى، يەنى ئېغىر ئۇرۇش ۋە پىپەن قىلىش جازاسى بېرىلگەنلەر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىرمۇ مەسچىت بولماسلىق، ساندا 754 ئادەمگە بىر ئۆلىما توغرا كېلىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ، خەلقنىڭ ئىسلام ئېتىقادىغا ئېغىر زەربە بېرىلدى. 12 يىل داۋام قىلغان مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى خەلقنى ئېتىقاد، ئىلىم ـ پەن، مەدىنىيەت، تەرەققىيات، گۈللىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېغىر پاجىئەلەرگە دۇچار قىلغاندىن كېيىن، 1978 ـ يىلى ئاخىرلاشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەھشى قارا سىياستىنىڭ مۇۋاپىقىيىتىدىن كېيىن، خەلقنى ئالداش، بۇلاش، ئۆلتۈرۈش، ۋەيران قىلىش، تۇتۇپ قىيناش، پىپەن قىلىش، كىتاپلارنى كۆيدۈرۈش قاتارلىق ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ دۈشمىنى بولغان جىنايى قىلمىشلىرىنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇش ئارقىلىق خەلقنى تېخىمۇ ئالدىدى. پارتىلاش ئالدىدا تۇرغان خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە سۇ چاچتى. شۇ ئارقىلىق مەسچىتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆلىمالارنى ئورنىغا قويۇش، (پەقەت قورچاق ئۆلىمالار) قاتارلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، ئۆزگەرتىۋېتىلگەن مەسچىتلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ بەردى. مەسچىت سېلىشقا ۋاقىتلىق رۇخسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 90 يۈەنگە يەتمەيدىغان مۇسۇلمانلار يەنە قايتىدىن قان ـ تەرلىرىنى تۆكۈپ مەسچىت سېلىشقا باشلىدى. نۇرغۇن جايلاردا ئىقتىسات يېتىشمىگەنلىكتىن، مەسچىتلەر ئاددى، كۆرۈمسىز، پاكار سېلىندى. قاتتىق توپا ۋە بورا ئۈستىدە ناماز ئوقۇدى. بۇخىل ئارمانغا يەتكەن دەرمانسىز خەلق ئاددى مەسچىتلىرىدە ئىسلام دىنىنى كۈچلەندۈرۈپ ۋە تەرەققى قىلدۇرۇپ، خەلقنى ھەقىقەت يولىغا قارىتىشقا تىرىشتى. شۇنداق قىلىپ 1982 يىلىغا كەلگەندە خوتەن ۋىلايىتىدە 3212 مەسچىت بارلىققا كەلدى. ھايات قالغان، تۈرمىدىن قاماق جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن ھەم كېيىن ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان ئۆلىمالاردىن 4067 بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كومۇنىستىك پارتىيە مەجبۇرى سېتىۋالغان، ئالداپ خىزمەت قىلدۇرىۋاتقان، مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا ساختىلىق قىلىشقا مەجبۇرلانغان مۇناپىق ئۆلىمالارمۇ بار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىدى. بۇ ۋاقىتتا 351 كىشىگە بىر مەسچىت، 277 كىشىگە بىر ئۆلىما توغرا كەلدى. بۇ جەرياندا ئىسلام دىنىنىڭ كۈچىيىشى ئەگرى - توقاي سىياسەتلەر ئاستىدا بوشاشماي خىلى كۆپ تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بۇ ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. سىياسەت يەنە كەسكىنلەشتى. كومۇنىستلار يەنىلا كومۇنىست، ئۇلار دىنسىز، ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، ئوت بىلەن سۇغا ئوخشاش، كومۇنىستىك پارتىيە بىلەن ئىسلام دىنى بولىدىكەن، كوممۇنىستىك كۆزقاراش پۈتتەرەپ تۇرالمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئاممىسى بولىدىكەن، مۇستەملىكە داۋاملاشمايدۇ، دەپ قاراپ، 1993 - يىلى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى لىچەنچۇڭ، «خوتەندە 1100 مەكتەپ، 4500 مەسچىت بار، مەكتەپ ئاز، مەسچىت كۆپ. مەسچىتنى كۆپەيتىپ سېلىش قەتئىي چەكلىنىدۇ. رېمونت قىلىشقا، قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە، كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە قەتئىي يول قويۇلمايدۇ» دىگەن ياۋۇز سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ، قىلچە ئىلمىلىكى بولمىغان بىمەنە بۇيرۇقنى چۈشۈرگەن. زۇلۇم، كۈچلۈك سىياسەت، ئېغىر جازا، جەرىمانە كۆپ بولۇشتەك سىياسى قاراڭغۇلۇق داۋام قىلىۋاتقان بولسىمۇ، خەلقنىڭ ئېھتىياجى، مۇسۇلمانلارنىڭ قورۇقماس روھى، پىداكار ئىرادىسى ۋە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان پائالىيەتچانلىقىنىڭ نەتىجىسىدە، 1995 - يىلى مەسچىت سانى 5657 گە، ئۆلىمالار 5900 گە يىتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتى 258 ئادەمگە بىر مەسچىت، 247 ئادەمگە بىردىن ئۆلىما توغرا كېلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كومۇنىستلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىت ئىچىدىكى ئەڭ يۇقۇرى سان ھىساپلىنىدۇ.

خوتەندىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئويغىنىشى، ئۆز ئىستىقبالى ھەم ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھىنىڭ تىكلىنىشى، قۇربان بېرىش ئىرادىسىنىڭ كۈچلىنىشىگە ئەگىشىپ كومۇنىست سىياسىتىنىڭ دەھشەتلىك ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆرۈۋالغان خەلق ئارقا - ئارقىدىن قوزغۇلۇپ قارشىلىق كۆرسۈتۈش ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كومۇنىست ھاكىمىيەتكە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

بۇ خىل سىلىسى ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، كوممۇنىست پارتىيە ئەشەددى ياۋۇزلۇقلارنى ئىشلىتىپ، مۇستەبىت سىياسەت يۈرگۈزدى. دۆلەت غەزىنىسى قۇرۇغدىلىپ قالغان، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىنى تارقىتالماي قالغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ يەنە خىتاي ھاكىمىيتى زور مىقتاردىكى ئادەم كۈچى ھەم ئىختىسادى مەبلەغ ئاجرىتىپ، يېزا - بازارلار، ئاھالە كومۇتېتلىرى ۋە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىغا، «ئۇنىۋېرسال كۈرەش، سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە، ئاساسى قاتلام پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش، مەركەزلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش» دىگەن ناملاردا ھەر يىلى ئادەم ئەۋەتىپ، دىنغا قاراتقان بىسىم سىياستىنى كۈچەيتىپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا زەربە بېرىپ ھەم يوقۇتۇپ، بۇ ئارقىلىق ياۋۇز سىياسەتنى قوغدىماقچى، مۇستەملىكىسىنى مۇستەھكەملىمەكچى، مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقىمىزنىڭ مۇستەملىكىگە قارشى تۇرۇش ئىختىدارىنى يوقۇتۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان.

1997 يىلى بۇ خىل سىياسەت تېخىمۇ كۈچەيدى. شەكلى ئوخشاش بولمىغان، ئەمما مەزمۇنى، زەربە بېرىش ئوبيىكتى ئوخشاش بولغان

زوراۋان سىياسەت قاتتىقلاشماقتا ھەم خەلقنىڭ بېشىدا قامچا ئوينىماقتا ئىدى. «مەركەزلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش» باھانىسى بىلەن، كوممۇنىست ھاكىمىيەت زەھەرلىك قولىنى يەنىلا ئىسلام دىنىغا قاراتقان بولۇپ، بۇ، تارىختىن بۇيانقى كوممۇنىست زۇلمىنىڭ داۋامى ئىدى. «قانۇنسىز مەسچىت» دىگەن بانا بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتىغا، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ روھىغا، كۈنسىرى كۈچىيىۋاتقان ئىسلام ئويغىنىش ھەركىتىگە زەربە بەرگىلى تۇردى. پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 1218 مەسجىد بىكار قىلىندى. 939 مەسجىد مەجبۇرى چېقىپ تاشلاندى. 279 مەسچىت مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزگەرتىلىپ ئىشلىتىلدى. خەلقنىڭ قان - تەرى بۇلاندى، بۇزۇلدى، ۋەيران قىلىندى، خەلق ھاقارەتلەندى، ئىززەت - ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىندى، خەلق ئېغىر ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى…

ئاساسلىق زەربە بېرىش نۇقتىسى قارقاش ناھىيەسى بولۇپ، بۇ ناھىيەدە 770 تىن ئارتۇق مەسجىد چېقىپ تاشلاندى، 200 دىن ئارتۇق مەسجىد مۇسادىرە قىلىندى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، قارقاش ناھىيەسىنى «مەسجىد چېقىشتىكى نەمۇنىچى، ئىلغارلىق ناھىيە» قىلىپ، رادىيو - تېلېۋىزور، گېزىت - ژورناللاردا تەشۋىق قىلىپ، ئاشكارا ھالدا خەلق ئالدىدا داغ - دۇغا قىلىپ، خەلقنى قورقۇتۇپ مەسجىد سېلىش ئىرادىسىدىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولدى.

يۇقارقىدەك بۇنداق ياۋۇز، بۇزغۇنچى سىياسەت ئاستىدا خوتەن ۋىلايىتىدىكى مەسجىدلەرنىڭ سانى 21.5% ئازىيىپ، 4439 غا چۈشۈپ قالدى، خەلقنىڭ بىۋاستە ئىقتىسادى زىيىنى 36 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 400 يۈەنگە يەتمەيدىغان خەلق ئۈچۈن بۇ نېمە دىگەن ئېغىر زىيان - ھە؟ بۇنداق رەھىمسىز سىياسەت خەلقنى پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە دۇچار قىلىپ، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ھەر 345 مۇسۇلمانغا بىر مەسجىد، 306 مۇسۇلمانغا بىر ئۆلىما توغرا كېلىدىغان ھالەت مەيدانغا كەلدى. بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى 83 - يىلدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا سېلىشتۇرغاندا، 15 يىللىق تەرەققىيات، 15 يىللىق قان - تەر، 15 يىللىق گۈللىنىش ۋەيران قىلىندى، قايتىدىن خەلققە زۇلۇم بولدى. بۇ جەرياندا 118 ئورۇندىكى دىنى ئوقۇتۇش نۇقتىسى پېچەتلەندى، ئوقۇغۇچىلار تۇتۇلۇپ قامال قىلىندى، 142 نەپەر ھەققانىيەتچى مۇسۇلماننىڭ ئۆيلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۇلار ئۆي - ماكانسىز قالدى، 919 نەپەر دىنى ئوقۇغۇچى ئېغىر جازالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق قاتتىق جازالاندى، نەزەربەنت قىلىندى، 172 كىشىنى 30 ئورۇندىن تۇتۇپ كېلىپ، «قانۇنسىز دىنى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللاندى» دىگەن بانا بىلەن قولغا ئالدى، 108 نەپەر دىنى ئۇستازلارنى ئېغىر جازالىدى، ئۇلار تەربىيەلەش ئورۇنلىرىغا، ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىغا مەجبۇرى ئەۋەتىلىپ ئېغىر جىسمانى ئەمگەككە سېلىندى، ئىختىسادى جەھەتتە ھەسسىلەپ جەرىمانە قويۇلۇپ، تۇرمۇشى خاراپلاشتۇرۇلدى.

( بېشى 104 - بەتتە )

يېڭى شېھىدلىكتە. ئەللىك يىللىق ھاياتى خىتاي تۈرمىسىدە ئۆتكەن ئاتاغلىق ئىسلام ئالىمى، ئىقتىدارلىق تارىخچى، تالانتلىق شائىر ئابدۇلئەزىز مەخسۇم 1984 - يىلى «پىيز ۋەقەسى» دە شېھىد بولغان.

( تەھرىر بۆلۈمىمىز تەرىپىدىن رەتلەپ چىقىلدى )

## ۋەتەندىن كەلگەن خەت:

# دېھقانىنىڭ دات ـ پەريادى

(ئەدەبى ئاخبارات)

### مۇقەددىمە

«دېھقانلار باي بولدى»، «دېھقانلار ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يەتتى»، «دېھقانلار ئۆز بەختىدىن كۈلدى»...

بۇ سەلتەنەتلىك جۈملىلەر يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بېرى شەرقى تۈركىستاندا چىقىدىغان گېزىت ـ جورنال، راديو ـ تېلېۋىزورلاردىكى دېھقانلارغا بېغىشلانغان خەۋەر ـ ماقالىلارنىڭ باش تېمىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى. ھالبۇكى، بۈگۈنگە كەلگەندە، جۇڭگو دائىرىلىرىگە چاڭقىغان تۇپراققا سۇ سىڭگەندەك ئەپچىللا ياققان بۇ جۈملىلەر، ئەمدى دېھقانلىرىمىزغا ياقمايدىغان بولۇپ قالدى. دېھقانلىرىمىز ئالقىنىدىكى گېزىت بېتىدە، بىر تۇتام پۇلنى قاماللاپ خۇش تەبەسسۇم بىلەن سانائاتقان دېھقانىنىڭ دەل ئۆزىنىڭ سۈرىتى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئەمما ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. چۈنكى، سۈرەتتىكى دېھقان ئاز بولغاندىمۇ 15 ـ 20 مىڭ يۈەننىڭ ئىگىسى. توققۇزى تەل ئارمانسىز دېھقان. بۇ سۈرەتنىڭ جانلىق گەۋدىسى بولغان ئۆزى بولسا، 2 ـ 3 يۈز يۈەن ئۈچۈن قەرز سوراپ بانكىغا يۈگرەيدۇ. يەرگە تىزلىنىپ ئاللاغا يېلىنىدۇ. ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مۇنداق ساقتىپەزلىكلەر، ئاخىرى ئۇلارنىڭ قەلبىدە تۈرلۈك سوئاللارنىمۇ ئويغاتتى: «بىز باي بولدۇقمۇ؟ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزغا يەتتۇقمۇ؟ بىز ھەر يىلى قان ـ تەر تۆكۈپ ئىشلەپ پەقەت سانئۇيلىش پۇرسىتىگىلا ئىگە بولالايدىغان ئاشۇ بۇللار زادى نەگە كەتتى؟......

دېھقانلىرىمىز ئاخىرى توپا ـ چاڭ ئىچىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ، ئەسكى چاپان ئىچىدىن ئويغاندى. كېچىككەن بولسىمۇ، سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك، ئەمما، ئەپسۇسلىنارلىق جاۋاپ تاپتى. شۇندىلا، بۇرۇن چىن كۆرۈنگەن نەرسىلەر بىردىنلا، ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ تۇرىۋاتقان بىر پارچە ھەجۋى رەسىمدەك بىلىندى.

ئەگەر سىز زېمىنىمىزنىڭ ھەقىقى خوجايىنى بولغان ئاشۇ نامرات، سۆيۈملۈك دېھقاننى چۈشەنمەكچى، يەنى شەرقى تۈركىستان يېزىلىرىنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، قۇلاق سېلىڭ: بۇ مۇخبىرنىڭ ئاۋازى ئەمەس. بەلكى، ساددا، يۇۋاش دېھقانىنىڭ ئاۋازى. يەنى، ھەقىقەتنىڭ ھەققانى ئاۋازى.

### 1. جانغا زامىن «پىلانلىق تۇغۇت»

جۇڭگو ھۆكۈمىتى 70 ـ يىللاردا يولغا قويغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە شىددەتلىك قارا بورانغا ئايلاندى.. بۇقارا بوران ئۆز كۈچىنى يەنىلا شەرقى تۈركىستاندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە، بولۇپمۇ خىتايلار ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۆزىگە دۈشمەن ساناپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈستىدە كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ئۈچ پەرزەنت كۆرۈش بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئارتۇق پەرزەنت

كۆرگەنلەركە ئېغىرلىتىپ جەرىمانە قويۇلغاندىن سىرت، بەزىلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى تارتىۋېلىنىپ، يۇرتتىن قوغلاندى. جەرىمانە تۆلەشكە قۇربىتى يەتمىگەن ۋە جەرىمانە تۆلەشنى رەت قىلغانلارنىڭ ئۆيلىرى تۈزلىۋېتىلدى. پىلان ئىچىدىكى تۇغۇش شەرتىنى ئادا قىلىپ بولغان ئاياللارھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن مەجبۇرى هالدا ئۆزۈك سېلىش ياكى تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەلىرى قىلدۇرۇلدى . پىلاندىن سىرت 7ـ 8 ئايلىق هامىلىلەردىن تارتىپ تۇغۇلۇشقا بىر نەچچە كۈن قالغان باللارغىچە هەممىسى ئاتا-ئانىلارنىڭ زار- زار يىغىلىرىغا باقماي مەجبۇرى چۈشۈرىۋېتىلدى. چۈشۈرۈشكە مۇمكىن بولمىغانلىرى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىلدى. هېلىمۇهەم شۇنداق داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ .

هەرقايسى ناهىلەردىكى دوختۇرخانىلارنى هسابقا ئالمىغاندىمۇ ، پەقەت قەشقەر شەهرى ئىچىدىكى 4 چوڭ دوختۇرخانىدىلا كۈنلۈكى پىلانلىق تۇغۇن سەۋەبىدىن چۈشۈرىلىۋېتىدىغان باللارنىڭ سانى 100 دىن ئاشىدۇ . قەشقەرنىڭ مارال بېشى، مەكىت قاتارلىق ناهىيەلىرىدە پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل كىشىلەر قىز- يىگىتلەرنىڭ نىكاھ ئىشىغىمۇ ئارىلىشىپ ، تېخى توي قىلمىغان قىزلارغىمۇ تۇغۇت چەكلەش ئۆزۈكى سېلىپ ئاندىن نىكاللىنىش گۇۋانامىسى كېسىپ بەرگەن. ئامالسىز قالغان قىز- يىگىتلەر شۇنچىۋالا ئازاپلىق خورلۇقلارغا چىداپ سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

پۈتۈن دۇنيا تەرەققى قىلىپ ئېلېكترون ۋە ئاتوم دەۋرىدىن هالقىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە ، شەرقى تۈركىستاننىڭ هەممىلا يېرىدە دېھقانلار كالا، ئىشەكلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئىپتىدائى تېرىقچىلىق شەكلىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. ئاياللار يەنىلا بۇرۇنقىدەك بىر يېرىم چارەك ئېغىرلىقتىكى كەتمەننى كۆتۈرۈپ، ئېتىزلىقلاردا ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئەمگەك قىلىشقا، تاغار يۈدۈشكە ، ئەپكەش بىلەن يىراق يەرلەردىن سۇ يۈدۈشكە مەجبۇر. شۇڭا ۋاقىتسىز قىلدۇرۇلغان ئوپېراتسىيە، ئېغىر ئەمگەك، قۇۋەتسىز تاماق ئاياللىرىمىزنى ساقايماس ئاياللار كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئاياللارئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ . شۇ سەۋەپتىن ، ئاياللىرىدىن ئايرىلغان ئەرلەرنى، تېخى مەكتەپ يېشىغا توشماي تۇرۇپ ئانىلىرىدىن ئايرىلغان باللارنى هەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ..

مەن ئالدىنقى يىلى قەشقەر يېڭى شەهەر ناهىيە سىنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدا پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل كىشىلەر تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان 3 دېھقان بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. ئۇلارنىڭ بىرى ماڭا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

«مەن دەسلەپكى ئايالىمدىن 4 باللىق بولغان چېغىمدا، تۇرمۇشىمىزدىكى بەزى كېلىشمەسلىكلەر تۈپەيلىدىن باللارنى تەڭ بۆلىشىپ ، ئاجرىشىپ كەتكەن ئىدۇق. 1995-يىلى3- ئايدا 2 ـ قېتىم ئالغان ئايالىمنىڭ هامىلدار ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغان يېزىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرى، « بالاڭ پىلاندىن ئېشىپ كەتتى. ئايالىڭنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى يوقات» دەپ ، تولا كېلىۋېلىپ ، بىزگە ئاراملىق بەرمىدى. ئايالىم، «مەن تېخى بالا تۇغۇپ باقمىدىم ، بۇ بالىنى چوقۇم ساق سالامەت تۇغىمەن » دەپ تۇرىۋالدى. ئۇلار ماڭا 7 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى. مەن بىرىشنى رەت قىلدىم. شۇ يىلى 3- ئاينىڭ 7- كۈنى يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى قاتارلىق بىر توپ يېزا ئەمەلدارلىرى ئىشىك ئالدىمدا پەيدا بولدى.

ئۇلار جەرىمانىنى بەرمىسەم ، ئۆيىمنى ئۆرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. .مەن «خالىغىنىڭنى قىل » دەپ ، بىر چەتكە ئۆتۈپ يول بوشاتتىم. تىراكتۇر گۈكىرەپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى. 60 ياشقا كىرگەن دادام چىداپ تۇرالماي، تىراكتۇرنىڭ ئالدىدا يېتىۋالدى. يېزىنىڭ چاپارمەنلىرى بىر قانچە قېتىم دادامنى تارتىپ تىراكتۇرغا يول ئاچقان بولسىمۇ ، دادام نىيىتىدىن يانمىدى. ئاخىرى يېزىنىڭ شۇجىسى (خىتاي) كېلىپ دادامنى بىر نەچچىنى تېپىۋەتتى. ئارقىدىنلا ، گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلگەن كىسەكلەر ئارىسىدىن توپا- چاڭ كۆتۈرۈلدى. دادام ھۆكىرەپ يىغلىغىنىچە كېسەكلەرنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ، ھوشىدىن كەتتى. دادام شۇ كۈندىن باشلاپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى دە شۇ ياتقىنىچە ئۈچ ئاي يېتىپ ، ئالەمدىن ئۆتتى. مەن ناھىيە، ۋىلايەتلەردە نەچچە ئاي ئەرز قىلغان بولسامۇ ، ئەرزىمنى ئاڭلىغۇدەك ئادەم تاپالمىدىم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلارنىڭ قىلغىنى يوللۇقمىش. ئۇلار قانۇننىڭ كۈچىنى ئاشۇنداق يوللار بىلەن بىزگە كۆرستەرمىش».

«مېنىڭ بۇرۇن ئىككى بالام بار ئىدى»، دەپ سۆز باشلىدى موشو يېزىدىكى يەنەبىر دېھقان، 1996- يىلى ئايالىم ئۈچىنچى بالىغا ھامىلدار بولدى. بۇ دەل يېزىلاردا ئاياللارغا تۇغۇت چەكلەش ئۆزىكى سېلىۋاتقان مەزگىل ئىدى.. «قوسىقىمدا بار»، دىسە، «بالدۇر ھامىلدار بوپسەن » دەپ بالىنى چۈشىرىۋېتىشىدىن قورققان ئايالىم ، ئۆزىنىڭ ھامىلدارلىقىنى يوشۇردى ھەم ھەر خىل باھانىلارنى كۆرستىپ ئۆزۈك سېلىشنى رەت قىلدى. ئۇلار مىنى بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئايالىمنىڭ ئاخىرىدا «قوسىغىمدا بالا بار» دەپ يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرىغا بەرۋا قىلماي ، ئۆزۈك سېلىپ كەتتى. .ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئايالىمنىڭ قوسىقى توساتتىن قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. دوختۇرغا كۆرسەتتىم . دوختۇرلار قوساقتىكى 4 ئايلىق بولۇپ قالغان بالىنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ، دەرھال ئوپىراتسىيە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ 11- ئاي مەزگىلى ئىدى. ئوپىراتسىيەدىن كېيىن ئايالىم ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۈچ ئايغىچە خۇن توختىماي ئاخىرى 2 بالىنى يېتىم قىلىپ ، ئۇ ئالەمگە كىتىپ قالدى. ئۇ ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن ئىدى».

مەن ئەمەت قارىنىڭ ياشلىق كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى قاچۇردۇم ، بىراق ئۇنىڭ ئىككى پاقالچىقىغا چىڭ ئېسىلىۋالغان بىرى 2 ياش، بىرى 4 ياشلىق چىرايلىرى سارغايغان، كىيىملىرى كىرلەشكەن بالىلارنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆزەمنى قاچۇرالمىدىم..ئۇلار مەندىن سۇئال سورايتتى، ياق ئۇلارنىڭ مۇڭغا تولغان كۆزلىرى، ئانا مېھرىگە قانمىغان يۈرىكى سۇئال سورايتتى: ئانىمىز نەدە؟ ئو قاچان كېلىدۇ ؟.....

قەشقەرنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدىكى رەخمانجاننىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىدى. ئايالى 4- بالىغا ھامىلدار بولۇپ، 8 ئايلىق بولغاندا ، كېچىكىپ خەۋەر تاپقان، يېزا پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرى ، رەخمانجاننى ئالدىغا سېلىۋېلىپ ، بالىنى ئالدۇرىۋېتىشقا ھەم 5 مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلەشكە قىستىغان. رەخمانجاننىڭ جەرىمانىنى تۆلەشكە قۇربىتى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇنى يەنە ئالدىغا سېلىپ بانكىدىن قەرز ئالدۇرۇپ ، جەرىمانىنى نەخلەشتۈرۈش ئۈچۈن بانكىغا ئېلىپ بارغان . ئەسلىدىنلا ، نامراتچىلىق دەستىدىن ئۈستىلەپ قەرزگە بوغۇلغان رەخمانجانغا ؛ بۇنداق قىيىن قىستاقلار ، سۆرەپ يۈرۈشلەر قاتتىق

هار كەلگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، يول يۈرۈشكە ئامالسىز قالغان. بىرگە كەلگەن كەنت كادىرلىرى 4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى جاڭگال يولىدا ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىپ قېلىشقان. رەخمانجان بىردەم ئۆملەپ، بىردەم يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى جىگدە دەرەخلىرىگە ئېسىلىپ مېڭىپ، مىڭ جاپادا ئۆيىگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئىشىك ئالدىدىلا ئايالىغا «بالىلار ساق قالدى» دېگەن بىر ئېغىز سۆزنىلا ئېيتىپ، بۇ قەرزدار زۇلمەتلىك دۇنيا بىلەن خوشلاشقان. رەخمانجان ئۆلۈپ، 7- كۈنى ئايالى ساق - سالامەت يەڭگىگەن بولسىمۇ، بۇ بىتەلەي بالا دادىسىنى، دادا بالىسىنى كۆرەلمىگەن. يېزىدىكى ئەمەلدارلار پىلانلىق تۇغۇتتىكى بۇ جاللاتلارغا بىراز تەربىيە بېرىش بىلەنلا ئىشنى تۈگەتكەن.

بىز ھەم جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىكىشەيىنى «قان ئىچەر جاللات» دەپ ئاتىيالايمىز. لېكىن، دۇنياغا داڭقى چىققان ئاشۇنداق بىر ياۋۇز جاللاتنىڭمۇ جاللاتلىق قىلىچى ئانا قورسىقىدىكى بىگۇناھ بالىلارغا يەتكەن ئەمەس. ئەپسۇسكى، دېھقانلىرىمىز يىۋاش، ساددا ھەم شۈكرى قانائەتچان بولغاچقا، بىر قىسىم تەلۋىلەر قانۇنسىز يوللار بىلەن ئەركىنلىكىنى، كىشىلىك ھوقوقىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلسىمۇ، سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر.

## 2. جۇڭگو ۋە كىشىلىك ھوقۇق

شەرقىي تۈركىستان خەلقى مانجۇ ۋە خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن بىر قانچە يۈز يىللاردىن بېرى ئۈزلۈكسىز تۈردە مىللىي كەمسىتىش، مىللىي زۇلۇم، ھايۋانلارچە دەپسەندە قىلىشقا ئۇچراپ كەلدى. ئازاتلىق، مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن قانچىلىغان قوزغىلاڭلار قانلىق باستۇرۇلدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەريا - دەريا قانلىرى ئۇز دۈشمەنلىرىمىزگە تاجۇ - تەخت تىكلەپ بەردى. مۇستەملىكچىلەر مۇستەبىتلىك سىياستىنى خالىغانچە يۈرگۈزۈپ، خەلقىمىز ۋە زېمىنىمىزنىڭ قېنىنى شورىماقتا. ئۇلار مىللىتىمىزنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ بىر شەرمەندە، نومۇسلۇق تارىخنى بىزگە زورلاپ تاڭدى. ئەڭ ئاددىسى، كروران قەدىمي شەھرىدىن تېپىلغان «كروران گۈزىلى» جەسىدىنىڭ تارىخى دەسلەپتىلا 6 مىڭ يىل قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. ھالبۇكى، جۇڭگو بۇ جەسەتنى بارغانچە ياشارتىپ 3800 يىللىق تارىخقا ئەكىلىپ قويدى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ لوپنۇر رايونىدا، ئاتوم سىناق بازىسىنى قۇرغاندىن بۇيان، ئارقىمۇ- ئارقا يەر ئۈستى ھەم يەر ئاستى يادرو سىناقلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بۇ مىسكىن، ئەمما تەبىئىتى گۈزەل تۇپراقنى ئاتوم رئىئادىيەكسىيەسى تۇپەيلىدىن پەيدا بولغان رادئىئاكتىپلىق زەھەرلىك ماددىلار بىلەن تولغان، مۇدھىش زېمىنگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. زەھەرلىك ماددىلار دەريا، كۆللەرنى بۇلغىدى. ئورمان - باغلارنى ۋەيران قىلدى. ھايۋانلار تۇغۇل ئادەملەردىمۇ تۇرلۇك ۋە غەلىتە كېسەللىكلەر پەيدا بولدى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەزەلدىن قۇم- چۆللەر ماكانى دېيدىغان چىرايلىق نامى بار. ھازىر بۇ نام بۇ تۇپراققا ياراشمايدىغان بولۇپ قالدى. رادئىئاكتىپلىق زەھەرلىك ماددىلار تۇپەيلىدىن نامى مەشھۇر تۇرپان ئۈزۈمى، كورلا نەشپۈتى، قۇمۇل قوغىنى، ئاتۇش ئەنجۈرى قاتارلىق مۇئىلىرىمىز ئەسلىدىكى پاقىراقلىقنى، لەززەتلىك تەمىنى يوقاتتى. دېھقانلىرىمىز مىڭ جاپادا ئۆستۈرگەن قوغۇنلىرىنى تۇرلۇك كېسەللىكلەردىن ساقلاپ

قىلىش ئۇچۇن كۆپ ئىزلەنگەن بولسىمۇ ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. نەتىجىدە، دېھقانلىرىمىز قوغۇن تېرىشتىن ۋاز كەچتى. ھەشەمەتلىك بىنالارنى سېلىپ، سەلتەنەتلىك ۋېۋىسكىلارنى ئېسىۋالغان يېزا پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستانغا بولغان ئىشغالىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مىليونلاپ خىتاي ئاقىۇنلىرىنى يۆتكەپ چىقىپ، كەڭ يېزىلارغا ئورۇنلاشتۇردى. ئەسلىدىنلا سۇ يېتىشمەسلىك، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمسىزلىشىشى، چەكتىن ئاشقان قاتمۇ ـ قات ئالۋاڭ ـ سېلىق، ئايلاپ بىكارغا چاپىدىغان ھاشار تۈپەيلىدىن، تۇرمىشنى ئارانلا قامداپ كېلىۋاتقان دېھقانلارغا تېخىمۇ ئەلەم بولدى. خەنزۇلار بىر مو يەر ئۈچۈن يىلىغا 100 يۈەن تاپشۇرسىلا سېلىق ئادا. ئەمما ئۇيغۇر دېھقانلىرىمىز يىلىغا 500 يۈەندىن ئارتۇق سېلىق پۇلى تاپشۇرىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە، بىر مو يەردىن چىقىدىغان بىر يىللىق ھوسۇلنىڭ تەننەرقى 800 يۈەندىن ئاشمايدۇ. دېھقانلار قارا كۆچىگە تايىنىپ يىل بويى ئىشلەيدۇ ـ يۇ، ھەپتىدە 500 گىرام گۆش ئېلىپ يېيەلمەيدۇ. مىللىي كەمستىش، مىللىي ئايرىمچىلىق شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ئەگەر بىر ئۇيغۇر بىلەن بىر خەنزۇ ئۇرۇشۇپ قېلىپ، خەنزۇ ئۇيغۇرنى ئۇرىۋالسا، ئىككى تەرەپ چىرايلىق تەربىيە بىلەن كېلىشتۈرىلىدۇ. ئۇيغۇر خىتاينى ئۇرغان ھامان پۈتكۈل شەھەر تەۋرەپ، ھەممە كوچىلارنى ساقچى ماشىنلىرىنىڭ جىددى سىگنالى قاپلاپ كېتىدۇ.

1994 ـ يىلى 22 ـ ئۆكتەبىر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭى شەھەر رايونى، ياندۇرما يېزىسىنىڭ 2 ـ كەنتىدە، خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ بىر ئۇيغۇر دېھقانىنى خورلاش ئەنزىسى يۈز بەردى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قېيىم تۇردى كېۋەز ھايانكەشلىرىنى تۇتقىلى كەلگەن يېزا پارتكوم شۇجىسى، تەرجىمان، ھەم بىر نەپەر يېزا باشلىقىنى كالا ھارىسىغا سېلىپ، دەريادىن كېچىپ قارشى قىرغاقتا ئۆتكۈزۈپ قويغان. ئۇلار دەريا بويىدا بىرنەچچە چىش كېۋەزنى كۆرۈپ، بۇ يەردىن كىمنىڭ كېۋەز يۆتكىگەنلىكىنى، ھارۋىكەشتىن سورىغان. قېيىم بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەمما، ئۇلار، «كېپەز ھايانكەشلىرىنى دەريادىن سەن ئۆتكۈزۈپ قويدۇڭ» دىگەن گۇمان بىلەن قېيىم تۇردىنى قىستىغان. ئەپسۇسكى، سوراقلىرىنىڭ جاۋابىنى ئالالمىغان شۇجىنىڭ ئەسەبىلىكى تۇتۇپ، دېھقاننى ئۇزى ئۇرۇشقا باشلىغان. ئۇرۇپ ھارغىنىدا، يېنىدىكىلەرگە: «ئۇرۇڭلار» دەپ، بۇيرۇق قىلغان. بۇيرۇق بىلەن تەڭلا ئاتاكىغا ئۆتكەن يېزا باشلىقى مەمتىمىن دېھقاننىڭ كالا ھەيدەپ كەلگەن تايىقىنى ئېلىپ، قېيىمنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشقا باشلىغان. تاياق تەرجىمان شاۋياڭنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، قېيىم تاياق زەربىسىدىن تۇرالماي سەكرەپ كەتكەن. قېيىمنىڭ قول ياندۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن مەمتىمىن قېيىمنىڭ ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ مەھكەم تۇتۇپ بەرگەن. ئاخىرقى بىر تاياق ئۇنىڭ جىنسى ئەزاسىغا تەككەن. قېيىم يەرگە يىقىلغان. ئۇرۇشمۇ ئاخىرلاشقان. ئەمما، تراگىدىيە تېخى ئاياقلاشقىنى يوق. بۇ ئۈچ نەپەر قەھرىمان ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، ھارۋىنى بىر كىچىك بالىغا ھەيدىتىپ، ئۆزلىرى كەلگەن قىرغاققا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان. ئەمما، ھارۋا لايغا پېتىپ قېلىپ، ئۆتەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن، مەمتىمىن دەرھال ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، تاياق دەستىدىن ئىڭراپ ياتقان قېيىمنى تارتىپ

تۆرغۇزۇپ، شۆجى جىڭنىڭ ئالدىغا ئاپارغان. قېيىم ئىگراپ، سەنتۆرلىپ يۇرۇپ ، دۈمبىسىگە چىقىۋالغان شۆجىنى سۇ كېچىپ قىرغاقىقا ئېلىپ چىققان. ئۇ قارشى قىرغاقىقا چىقىپلا ھوشىدىن كەتكەن. لېكىن ئۆرغۆچىلار ئۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۆرۇپ قويماي، ماشىنىسىغا چىقىپ كېتىپ قېلىشقان. قېيىم شۇندىن كېيىن ، قان سىيىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. ھەتتا، ئەمدىلا 38 ياشقا كىرگەن بىر قاۋۇل ئەر ئۆزىنىڭ جىنسى ئىقتىدارىدىن پۆتۆنلەي مەھرۇم بولغان. ئۇ دوختۆرخانىنىڭ «ئېغىر زەخمىلەندۈرۈش» دىگەن قانۇنلۇق ئىسپاتىنى كۆتۆرۇپ ، يۇرتداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ، ھەتتا ئابتونۇم رايونغىچە بېرىپ ئەرز قىلغان بولسىمۇ، 3 يىلغىچە ھېچ بىر ئۇرۇن سوراپ كۆرمىگەن. ئەكسىچە، جىڭ شۆجى ناھىيەلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىغىغا، يېزا باشلىغى مەمتىمىن ياپچان بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ بازار باشلىقلىغىغا ئۆستۆرۈلگەن.

## خاتىمە

ئانا دىيارىمىز شەرقى تۆركىستان ھېچقاچان جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان ئەمەس. بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ، ئۆزلۆكسىز تەرەققى قىلىپ، گۆللەپ ياشناپ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن قۇدرەتلىك خانلىقلارنى، ھون ئىمپىرىيىسىنى قۇرغان. ئىپەك يولىنى ئېچىپ دۇنيا مەدەنىيىتىگىمۇ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. پەقەت 1515 ـ يىلى قۇرۇلغان سەئىدىيە خانلىقى 1680 ـ يىلىغا كەلگەندە ، جوڭغارلار ھەم ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى خوجا ـ ئىشانلار تەرىپىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىن ، تەدرىجى ھالدا ، ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاپ ، ئاخىرىدا خىتايلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدۇق. تۆپرىقىمىزدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ياتگىزىگىشىگىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بىز دەھشەتلىك قىرغىن قىلىندۇق. بۇلاپ تالاندۇق. مىليونلىغان ئەل سۆيەر ئوغلانلىرىمىزدىن ، باتۇر ئەزىمەتلىرىمىزدىن ، ئالىم، ئەدىپلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. كىشىلىك ھوقوق، ئىنسانى خىسلەت، نورمال ياشاش ئادىتىمىزدىن ئايرىلدۇق. مىليون تونىنلاپ كان بايلىقلىرىمىزدىن، دەريا ـ دەريا نېفىتلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. كەلگۆسىمىزنىڭ بىخلىرى ھەم ۋارىسلىرىمىز بولغان ، ئانا قۇرسىغىدا ئەمدىلا مىدىرلاپ، ئانىلاردا يېگى بىر ھاياتلىقنى ھېس قىلدۇرغان مىليونلىغان بالىلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، نۇرغۇن قۇربان بېرىش بەدىلىگە، مۇستەقىللىقىمىزنى قولغا كەلتۆردىغان بىر ئەۋزەل شارائىتنى يارىتتۇق. ئەپسۇس، ئىستالىندىن ئىبارەت ئىككى يۈزلىمە دەللال تۆپەيلى، يەنىلا خىتاينىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ قالدۇق.

تارىخنى ۋاراقلىسام بىر چاغلاردا پۆتكۆل ئاسىيا ، ياۋروپا قىتئەلىرى ھونلارنىڭ ئات تۇياقلىرى ئاستىدا قالغان ، جۇڭگونىڭ قەدىمى پەخىرلىك پادىشاسى چىنشىخۇاڭنى 5000 كىلومىتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سەددىچىن سېپىلىنى قۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇر قىلغان ، خەنزۇدىنى نۇرغۇنلىغان گۆزەل مەلىكە قىزلىرىنى خوتۇنلۇققا بېرىشكە مەجبۇر قىلغان ئىكەن. ئەپسۇسكى، شۇنچە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولغان بىر مىللەت قانداق قىلىپ بۇ كۈنگە ھايۋان كەبى ياشايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق؟

1999 ـ يىلى 4 ـ ئاي

www.uyghurkitap.com



## ۋەتەندىن كەلگەن خەت:

# بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتلەر

(1)

1997 - يىلى شاڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىش هارپىسىدا، ئاقسۇ ئاۋات ناهىيىلىك هۆكۈمەت، بىرەر ئىش چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىرمۇنچە كىشىنى «ناماز ئوقۇدۇڭ» دىگەن باهانە بىلەن پەيچۇسوغا (ساقچى ئىدارىسى) يىغىۋېلىپ، «سىلەرگە قانۇن ئۆگۈتىمىز» دەپ قويۇپ بەرمىدى. ساقچىلار بۇ كىشىلەرگە مەجبۇرى هالدا توساق تام سالدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە سالغۇزغان توساق تامنىڭ ئىچىگە سولاپ قويىدى. ئۆزلىرىنىڭ نىمە سەۋەپتىن سولانغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان بۇ بىچارە كىشىلەر، ناماز ۋاقتى كەلگەندە نامازغا تۇرۇشتى، ئەپسۇسكى ناماز ئوقۇيدىغان يەر تولىمۇ تار ۋە كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ماي، قىبلىغا سەل قىيپاش هالدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى. دەل شۇ پەيتتە تۇيۇقسىز هۆكۈمەتنىڭ خادىمى روزى ئاۋۇت جامائەتنىڭ ئارىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ، ئىماملىق قىلىۋاتقان كىشىنى قاتتىق تەپتى ۋە جامائەتنىڭ نامىزىنى بۇزىۋېتىپ: «ئوقۇپ قويۇش. سەنلەرنى بىز باشقۇرىمىز، جەننەتكىمۇ، دوزاققىمۇ ئىگىسى بىز، هوقوق بىزنىڭ قولىمىزدا. سىلەرگە جەننەت بىلەن دوزاقنىڭ يوللىرىنى بىز كۆرسىتىپ قويىمىز...» دەپ ۋاقىراپ - جاقىراپ، كىشىلەرنى ئۇرۇپ - سوقۇشقا باشلىدى ۋە ئاخىرىدا ئىمام بولغۇچىنى جامائەتنىڭ ئالدىدىلا قاتتىق قىيناپ، «سېنىڭ هۆكۈمەتتىن بەرگەن ئىماملىق كېنىشكەڭ يوق تۇرۇپ، نىمىشقا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيسەن؟ بۇيەر سېنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىدىڭ ئەمەس، بەلكى پەيسو! بۇ يەردە ئىبادەت قىلىشقا بولمايدۇ، مەن هازىر ئۆزەمنى خۇدا دىسەممۇ بولىدۇ، مەن بارلىق بەش ئىرىق خەلقىنى ئاتتۇرۇۋېتەلەيمەن، يوقۇتۇۋېتەلەيمەن، هايات قالدۇرالايمەن، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن هېچ نەرسە كەلمەيدۇ، هوقوق بىزدە، بىزنىمگە بۇيرۇساق شۇنى قىلىشىڭلار كىرەك، سىلەر قانداق قىلساڭلارمۇ بىزگە تەڭ كېلەلمەيسىلەر، بىزنىڭ ئادەم، هەربىي كۈچىمىز ناهايىتى كۆپ. سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا نېمە بار...» دەپ چالۋاقاپ كەتتى. بۇمۇناپىق پەيچۇسودىكى يىغىنلاردا يەنە ئىسلام دىنىنى، كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان گەپلەرنى قىلاتتى.

(2)

97 ياكى 98 يىلىدا بولسا كېرەك (ئېنىق ۋاقتى ئېسىمدە قالماپتۇ). ئاۋات ناهىيىسىنىڭ يېڭى ئېرىق يېزىسىدا بىر مۇسۇلمان بۇرادىرىمىزنىڭ ئايالىنىڭ تۇغۇلۇش ئالدىدىكى بالىسى هۆكۈمەتنىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن پىلانىدىكى ساندىن ئوشۇق ئىدى. بۇ سەۋەپتىن «يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسى»نىڭ مۇدىرى ساجىمخان ئۇلارنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، «پىلاندىن ئوشۇق تۇغۇشقا بولمايدۇ، بۇ بىزنىڭ قانۇنىمىزغا خىلاپ، هازىر هۆكۈمەت نىمە

دىسە شۇنى قىلىشقىلار كېرەك، نېمىنى چەكلىسە شۇنى قىلماسلىقىمىز لازىم...» دەپ ۋالاقلاپ، ھېلىقى ھاملە ئايالنى قوسىقىدىكى تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بوۋىقىنى ئالدۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن ھاملە ئايالنىڭ ئېرى ھېلىقى پىلانلىق تۇغۇت مۇدىرىغا، «دىنىمىزدا قوساقتىكى بالىنى ئۆلتۈرۈش ھارام» دەپ جاۋاپ بېرىپ، ئايالىنىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى ئالدۇرۇۋېتىشكە قارشى چىقتى. ئەمما ساجىمخان «بالاڭنى ئالدۇرۇپ يوقۇتۇۋەتمىسەڭ زادى بولمايدۇ!» دەپ ئۇلارنى مەجبۇرلاشقا باشلىدى. ھەمدە ئاللاتائالالاغا ۋە دىنىمىزغا قاتتىق ھاقارەتلەرنى ياغدۇرۇپ، ھېلىقى ئەر- خوتۇنلارنى رەسۋالارچە تىللاپ - قاغاپلا كەتتى. بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان ھامىلىنىڭ ئېرى ئاچچىقىغا پايلىماي ئاخىرى ساجىمخانىغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدى ھەمدى كەينىنىڭ سىرتىغا قېچىپ چىقىپ پاناھلاندى. ھۆكۈمەت تەرەپ ھېلىقى كىشىنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى «ئېرىڭنىڭ ۋە داداڭنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىسەن» دەپ قىيىن - قىستاققا ئالدى، قاچقان كىشى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرتاپقاندىن كېيىن، بېشىمغا نېمە كەلسە شۇنى كۆرۈپ باللىرىمنى قۇتقۇزىمەن، دەپ قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى ساقچىغا مەلۇم قىلغان. نەتىجىدە ھۆكۈمەت ئۇنىڭ خوتۇن - باللىرىنى قويۇپ بېرىپ، ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ ئېتىۋەتتى.

( 3 )

98 - يىلى ھۆكۈمەتنىڭ ساقچىللىرى ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيە تامتوغراق يېزا 1 - دادۈي ئۈپ - چۈرىسىدە يوللارنى توسۇپ، يولۇچىلارنى تەكشۈردى. بۇنداق تەكشۈرۈشلەر دائىملىق ئىش ئىدى. شۇ مەزگىللەردە ئوسمانجان قاتارلىق 7 نەپەر ياش غورا چۆل يېزىسىدىكى بېلىق ئامبىرىدىن بېلىق تۇتۇپ قايتاشىدا، ھېلىقى يول توسۇۋاتقان ساقچىلار ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ باردى. ساقچىلار ئۇلارغا، «ھازىر بىز ئادەم تۇتالماي ئاۋارە بولۇپ تۇرساق، سەنلەر بۇ يەرگە گۇگشىنىڭ رۇخسىتىسىز نېمە دەپ كىلىشتىڭ؟ ھازىر كىم بىر يەرگە بارماقچى بولسا، گوگشىدىن خەت ئالمىسا بولمايدۇ...» دەپ چالۋاقاپ، ھەر بىرىدىن 500 يۈەندىن جەرىمانە ئېلىپ قويۇپ بەردى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق پۇخرالارنى يۈرەكلىك ھالدا بىر يەرگە بارالمايدىغان قىلىپ قويدى. ئەگەر بىرسى بىرەر تۇققۇننى يوقلاپ بېرىپ، بىرەر ئاخشام قونۇپ قالسا، ھۆكۈمەتتىن ئۇنى تۇتۇپ ئاپىرىپ قىلدىغىنىنى قىلدۇ. چۈنكى ئۇلار، 3 - 4 ئۇيغۇر بىرىەرگە جەم بولسىلا ھۆكۈمەتكە قارشى قوپۇدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار ھەر بىر شاۋدۇۋيدىن ھەر ئاخشام قىش - ياز دىمەي 3 دىن دېھقاننى نۆۋەت بويىچە شاۋدۇۋيىنى باقىلى قويدۇ. 1 - ئايدىكى قەھرىتان سوغۇقتىمۇ كىشىلەر يەنە، «ئۆيدە ياتساق تەكشۈرۈپ كەلگەن ساقچىلار ئۇقۇپ قالسا بىزدىن جەرىمانە ئىلىشتىن سىرت، پەيچۇسوغا ئاپىرىپ ئۇرۇپ - تىللايدۇ» دەپ قورقۇپ، سوغۇققا چىداپ تاشقىرىدا ئۇخلايمىز ۋە يول كۈزۈتىشكە مەجبۇر بولىمىز، ھۆكۈمەت تەرەپ ھەر ھەپتىسى بىر- ئىككى قېتىم ئۆيىمۇ - ئۆي ئاختۇرۇپ، يات ئادەم بارمۇ ؟ دەپ دېھقانلارنى پاراكەندە قىلدۇ. كۈندۈزلىرى ئېتىز ئىشلىرىدىمۇ، ئۇ ئىشنى قىلسەن، مۇنداق قىلسەن، مۇنچىلىك ۋاقىتتا تۈگۈتۈپ بولىسەن، دەپ ئىشنى تۈگۈتۈپ

( داۋامى 51 - بەتتە )

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



## ۋەتەندىن كەلگەن خەت :

# « مىڭى خاتا تۇتۇلسا تۇتۇلسۇن ، بىرى قېچىپ كەتمىسۇن »

نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا سان ـ ساناقسىز كىشىلەر كوممۇنىست خىتاينىڭ يۇقارقى سىياسىتىنىڭ قۇربانىغا ئايلانماقتا. شەرقى تۈركىستاندا ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇتۇلۇپ ، نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى بىلمەي ئۆلۈپ كېتىۋاتقان سان ـ ساناقسىز كىشىلەرھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرى ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ يەنە قاچانغىچە تاقەت قىلىپ يۈرىدۇ ؟

كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ناھەق ھالدا تۇتۇپ كېتىلگەن تۆۋەندىكى بىگۇنا ئىنسانلىرىمىزنىڭ « گۇناھ » لىرىغا قاراپ بېقىڭلار :

**ئابدۇسالام قارى**، 30 ياش، غۇلجا دوڭ مەھەللىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە. ئۇ يەنە مەلۇم دەرىجىدە دىنىي تەلىم ئالغان. ئۇ ، غۇلجىدا ئاق ئالۋاستىغا (خېروئىن) يەم بولىۋاتقان ياشلارنى ئۇنىڭ زەھەرلىك ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ مەشرەپ ئۇيۇشتۇرغان. 97 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن «مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى يېتەكلىگۈچى » دىگەن بوھتان بىلەن قولغا ئېلىنغان. ئۇ قولغا ئېلىنىپ 3 ـ كۈنى، يەنى 5 ـ ئاينىڭ 11ـ كۈنى خىتاي دائىرىلىرى ئابدۇسالام قارىنىڭ جەسىدىنى ئۆيىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ھەمدە ئۇنى « بىنادىن سەكرەپ ئۆلۈۋالدى » دىگەن. مەرھۇمنىڭ جىنازا نامىزىغا 15 ماشىنا قۇراللىق ئەسكەر قاراۋۇللۇق قىلغان،كوچا ـ كوچىلارغا خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ئابدۇسالام قارىنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتنىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان ۋە نۇرغۇن ئادەمنى نامازغا قاتناشتۇرمىغان.

**ئابدۇشۇكۇر ھاجىم**، 40 ياش، غولجا دوڭ مەھەللىدە تۇغۇلغان. ئۇ، «مىللىي بۆلگۈنچى، دىن تارقاتقۇچى » دىگەن نام بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە قولغا ئېلىنغان.

**ئابلەھەت قارىھاجىم** ، غولجا ناھىيەئۈچئون يېزىسىدىن بولۇپ، 60 ياش. ئۇ، «مىللىي بۆلگۈنچى دىنىي كۈچلەرنى قوغدىغان ۋە ھىمايە قىلغان » دىگەن سەۋەپ بىلەن 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قولغا ئېلىنغان. ھازىر غۇلجا ۋىلايەتلىك تۈرمىدە.

**ئۆمەر تۇرسۇن**، قەشقەر قوقان يېزىسىدىن بولۇپ، 72 ـ يىلى تۇغۇلغان . ئۇ، 1999ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى خىتاي ساقچىللىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان بولۇپ، قولغا ئېلىنىپ 45 سائەتتىن كېيىن تۈرمىدە قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ جەسىدىنى ئۆيىگە بەرمىگەن . جەسەتنى كۆرگۈچىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، خىتاي فاشىستلىرى مەرھۇمنىڭ پۈتۈن جىسمىنى توككا چېتىپ قىيىنغان ، قىززىق تۆمۈر بىلەن داغلىغان، ئىتقا تالاتقان. ئېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولغىنى ، جەسەت 4 پارچە قىلىنغان. زوراۋان ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ بۇ رەھىمسىز قىلمىشىنىڭ ئاشكارىلىنىشىدىن قورقۇپ، مەرھۇم توغرىسىدا گەپ قىلغانلارنىمۇ قولغا ئالغان، جەسەت قەبرىگە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ ساقچىلار تۇپراق بېشىدا قوراللىق مۇۋاپىزەت قىلىپ تۇرغان.

**مەتتوختى**، يەكەن ناھىيىسى ئىگەچى يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، 21 ياش. ئۇ ئۇرۇمچىگە تىجارەت قىلىپ بارغاندا، «گۇمانلىق ئۇنسۇر» دېگەن نام بىلەن 97 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قولغا ئېلىنغان.

**ئابدۇلھەكىم ھوشۇر**، خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيىسى قاراتاغۇز يېزىسىدا تۇرۇشلۇق بولۇپ، 30 ياش. ئۇ 93 ـ يىلى «گۇمانلىق سىياسى جىنايەتچى، دىنىي كۈچلەرنىڭ كاتتىبېشى» دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ، 12 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ھەمدە ئۇنىڭ 10 مىڭ يۈەنلىك موتوتسىكلىتى مۇسادىرە قىلىنغان.

**ئابدۇقادىر توختى**، خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھيەسى قوشتاغ يېزىسىدىن بولۇپ، 1972 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۇ، «گۇمانلىق سىياسى جىنايەتچى» دېگەن تۆھمەت بىلەن 1993ـ يىلى قولغا ئېلىنغان. 94 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سوتلىنىپ، 14 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

**ئەزىمەت سادىر**، 48 ياش. ئۇ، 93ـ يىلى «گۇمانلىق سىياسى جىنايەتچىلەرنىڭ مەسلىھەتچىسى» دېگەن باھانەبىلەن قولغا قولغا ئېلىنغان. 94 ـ يىلى ناھەقتىن ناھەق 10 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن.

**دىنىي ئالىم ئابدۇلھاپىز مەمتىمىن**، خوتەننىڭ كۆك تېرەك يېزىسىدىن بولۇپ، 30 ياش. ئۇنىڭ ئىككى بالىسى بار. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ھەققىدە 93 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17ـ كۈنى «سىياسى جىنايەتچى» دېگەن نام بىلەن ۋەتەننىڭ ھەممىلا يېرىگە تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئابدۇلھاپىز مەمەتىمىننىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلغانلارغا 1000 يۈەندىن 2000 يۈەنگىچە مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى تۇتالمىغان.

شۇنىڭ بىلەن غالجىرلاشقان خىتاي كومىنىستلىرى، شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە 100 كۈندەك تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرى 96 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۇنى قومۇل ۋىلايىتىنىڭ يوقىرى ئايە دېگەن يېرىدىن قولغا چۈشۈرگەن. «جىنايەتچىنى ئۆيىگە يوشۇرغان» دېگەن باھانە بىلەن ئۇ تۇرغان ئۆينىڭ ئىگىسىنى بالىسى بىلەن قوشۇپ قولغا ئالغان، ئۆيدە پەقەت ئۇلارنىڭ ياشنىپ قالغان ئانىسىلا قالغان.

**ئابلەت مەمەت**، 26 ياش،گۇما ناھيە كونا بازار يېڭى ئۆستەڭ بويى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى «ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلغۇچى» دېگەن باھانە بىلەن 93 ـ يىلى قولغا ئالغان. 94 ـ يىلغا كەلگەندە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى «ئۆز جىنايىتىنى ئىقرار قىلدى» دەپ، 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكىم قىلغان. ھازىر ئۇرۇمچى تۈرمىسىدە.

**مەمەت سادىر**، 40 ياش، گۇما ناھيىلىك مەدەنيەت ئىدارىسىدە سىنئالغۇچىلىق خىزمىتىنى قىلاتتى. 93 ـ يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى «چەكلەنگەن سىنئالغۇلېنتىللىرىنى تارقاتقان، ھۆكۈمەتنىڭ سىياستىگە قارشى چىققان» دېگەن بۆھتان بىلەن قولغا ئېلىنغان. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ دىلوسىنى 94 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە سۆرەپ، ئاخىرى ھېچبىر دەلىل ـ ئىسپاتسىزلا 14 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان.

**ئەھمەت جامال**، 31 ياش، گۇما ناھيە قارا تاغىز يېزېسېدىن. ئۇ، «سىياسى جىناسەتچى» دېگەن نام بىلەن 93 ـ يىلى قولغا ئېلىنغان، 94 ـ يىلى 6 ـ ئايغا كەلگەندە 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن

( داۋامى 103 ـ بەتتە )

uyghurkitap.com



# دۆلەت ۋە ئانا ۋەتەن ھەققىدە مۇلاھىزە

يالقۇن (ئۈرۈمچى)

تۇپراق، زېمىن، ئىنسانىيەت ياشايدىغان ئومۇمى يەرنى كۆرسەتسە، دۆلەت مەلۇم بىر ھۆكۈمرانلىقنىڭ كۈچ ـ قۇدرەت، قائىدە ـ قانۇنىيەت ۋە نۇرغۇن شەرتلىك ئىنتىزاملار بىلەن ئىدارە قىلىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇتقا كېلىدىغان ئايرىم تەۋەلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ۋەتەن بولسا مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئاساس قىلغان ئىنتايىن ئۇزاق ئۆتمۈشتىن باشلاپ شۇ مىللەت كىشىلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئايرىم بىر تەۋەلىكنى بىلدۈرىدۇ. دۆلەت بىلەن ۋەتەن مەلۇم جەھەتتىن بىردەكلىكنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن يەنىلا قارىمۇ ـ قارشىلىقسىز ئايرىملىققا ئىگىدۇر. چۈنكى، ھازىر دۇنيادا قانچە مىڭلىغان مىللەتلەر بولۇپ، ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس چوڭ ـ كىچىك ۋەتىنى بار، لېكىن بۇ ۋەتەنلەرنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىنتايىن ئاز ساندىكى ۋەتەنلىرى ھازىرقى دۆلەت ھوقۇقىغا ئاساسەن دۆلەت دېيىلىدۇ ھەمدە شۇ دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولغان مىللەتنىڭ ئۆز ۋەتىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى ھەر قانداق بىر ۋەتەننىڭ دۆلەت بولۇشى ناتايىن. ئەمما ھەر قانداق بىر دۆلەت مۇقەررەر ۋەتەندۇر. دېمەك ۋەتەن، دۆلەت ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ۋەتەنلىك خوسۇسىيىتىنى يوقاتمىغىنىدەك، دۆلەت ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ، ۋەتەنلىك خوسۇسىيىتىنى يوقاتمايدۇ. قىسقىسى دۇنيادا مىللەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، شەرتسىز ھالدا ۋەتەن مەۋجۇت بولىدۇ. ئەمدىكى گەپ ۋەتەن ئۇقۇمىنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسىدە ئەمەس، بەلكى ۋەتەن ئۇقۇمىنى قانداق قوغداش ۋە قانداق داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا. خوسۇسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن قارىشى ھەققىدە تەپسىلىرەك پىكىر قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى مۇستەملىكىدە ياشاۋاتقان ئىككى ئەسىر مابەينىدە ۋەتەن ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، مىسلىسىز قۇربانلارنى بېرىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمى خەلق تۇرماق، ھەتتا ئالدىنقى قاتاردىكى بەلگىلىك شەخسلەرنىڭمۇ ۋەتەن ھەققىدىكى قارىشىنىڭ قاتمال ئىكەنلىگى ھەر قايسى دەۋىردە كۆرۈلۈپ تۇرغان. ھازىرمۇ كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنى تەكىتلەپ ئېيتالايمىزكى، ۋەتەن داۋاسىغا ئارىلىشىشلا ئەمەس، بەلكى ۋەتەن ھەققىدە ئادەتتىكىچە سۆھبەتلىشىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقانلارمۇ ئالدى بىلەن ۋەتەننىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىگىنى پۇختا تەھلىل قىلىپ، مۇكەممەل ۋەتەن قارىشىنى تىكلەپ، ئاندىن ئېغىز ئېچىشى لازىم. ئاتالار: «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە» دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەن. بولۇپمۇ ۋەتەن توغرىسىدا سۆزلىگەندە ئويلاپ سۆزلەش ئەمەس، بەلكى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا دەستۇر بولالىغۇدەك ئۆلمەس ھەقىقەتلەرنى سۆزلىشى لازىم. ئاخىرىدا، دانالارنىڭ ئۆتكۈر زېھنىگە ھاۋالە قىلىپ، بىر قانچە مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتسەك ئارتۇق بولۇپ كەتمىسە كېرەك. مەلۇم بىر جۇغراپىيەلىك تۇپراق

تەۋەلگىنى ۋەتەن دەپ ئاتاش ئۈچۈن شۇ تۇپراقتا مۇقەررەر ھالدا ئېتنىك مىللەتنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك مەلۇم بىر مىللەتنى « مىللەت » دەپ ئاتاش ئۈچۈنمۇ، ۋەتەن تەۋەلىكى بولۇشى ئالدىنقى شەرتتۇر. ۋەتەن تەۋەلىكى بولمىغان ھېچ قانداق بىر مىللەت بولمىغىنىدەك، ئېتنىك مىللەتسىز ۋەتەننى تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ باشقا بىر مىللەتنىڭ ۋەتىنىدە غەمخورلۇققا ئېرىشىپ ياشاۋاتقان كۆچمەن مىللەتلەر سان، سۈپەت، مەدەنىيەت، ئىختىسات، پەن - تېخنىكا قاتارلىق موھىم ئامىللار جەھەتتە يەرلىك مىللەتتىن تۆۋەن بولىدىكەن. مۇقەررەر ھالدا شۇ مىللەتكە قوشۇلۇپ تۈگەيدۇ. بۇ تارىخنىڭ ئادىل ھۆكۈمىدۇر. ئالايلۇق، ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلگەن ھۇنلار گەرچە بىر قانچە قېتىم بۈيۈك ئىمپېرىيە قۇرۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ سىڭدۈرۈپ يۇتۇۋېلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يوقالغان ئىدى. شۇنىڭدەك موڭغۇل ئىمپېراتورلىقىمۇ كۆچمەن مىللەتنى ئاساس قىلغانلىقى ( موھىم ئامىلنىڭ بىرى ) ئۈچۈن يەرلىك مىللەتلەرگە سىڭىپ تۈگىگەن ئىدى. ئەمما يەرلىك بىر مىللەتنىڭ دۆلىتىگە بېقىنىپ ئۇلارنىڭ خەيرىخاھلىقىغا ئالقان ئۇزارتىپ كەلگەن، ھاياتتىكى بارلىق نېسۋىلەردىن مەھرۇم قېلىۋاتقان ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى، شۇنداقلا باشقا بىر مىللەتنىڭ ئانا ۋەتىنىدە ۋەتەن تۇتۇپ مىللىي ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالىشى، قايسى بىر دانانىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ؟ مەلۇم بىر تۇپراقنى بىر تەگداش مىللەتلەر ئورتاق ئانا ۋەتەن تۇتۇپ، مەلۇم ۋاقىت ھەر قايسى مىللىي مەۋجۇتلىقىنى داۋاملاشتۇرالىشى مۇمكىن. لېكىن مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بىر قانچە تۇپراقتا ئانا ۋەتەن تۇتۇپ مىللىي مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىشى ۋەتەن ئۇقۇمىدىن، مىللەت ئۇقۇمىدىن تامامەن خالى قالغان يالغان تەسەۋۋۇردۇر. ئەگەر چەت - ئەللەردە پانالىنىپ تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلارغا ھەقىقىي بىر ئانا ۋەتەن لازىم بولسا، ئۇيەر- بۇيەردىن يۇمشاقىراق ئانا ۋەتەن تېپىپ يىلتىز تارتىپ قېلىشنى تاما قىلماي، ئەلۋەتتە مۇقەددەس ئانا ۋەتىنىنى دۈشمەندىن قوغدىشىدا بىردەك ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

1999 - يىل 6 - ئاي

( بېشى 101 - بەتتە )

**ئىمىن توختى**، 25 ياش، ئۈ 95 - يىلى «گۇمانلىق سىياسىي جىنايەتچى» دىگەن سەۋەپ بىلەن قولغائېلىنغان.

**ماخمۇت مۇھەممەت**، 26 ياش، گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزىسىدىن. ئۈ، 93 - يىلى «گۇمانلىق سىياسىي جىنايەتچى» دىگەن سەۋەپ بىلەن قولغا ئېلىنغان.

خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەر باھانىلار بىلەن قىرىپ تۈگىتىشكە ئۇرۇنماقتا. ئەمما شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۈنىڭغا ھەرگىزمۇ «ئەلەكمولللا» دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرىۋەرمەيدۇ. كۈرەش ئۈچۈن باغلانغان بەللەر، تۈرۈلگەن يەڭلەر ئەمدى بوشاشمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# شەرقىي تۈركىستاندىكى مەشھۇر شەخسلىرىمىزنىڭ قەبرىللىرى

**ساتۇق بۇغراخان مازارى :** ـــ ئۈرنى قەشقەرنىڭ ئاتۇش شەھرىدىكى ھەزرىتى سۇلتان مازارىدا . مىلادى 956 - يىلى ۋاپات بولغان قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئىسلامنى تۇنجى قوبۇل قىلغان پادىشاھى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان - ئابدۇلكەرىمخاننىڭ قەۋرىسىدۇر .

**ماھمۇت قەشقەرى مازارى :** ـــ ئورنى قەشقەر كونىشەھەر ئوپال كەنتىدە . « دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك » ناملىق ئاتاغلىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ماھمۇت قەشقەرىنىڭ قەۋرىسى. دىنى ئۆلىما، قاراخانىلار تارىخچىسى، قەشقەرنىڭ مەھكىمەئى قازىسى - موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم ھىجرىيە 1252- يىلى كىتاپ ۋەخپە قىلغانلىق ھۆججىتىدە : « قىممەت باھالىق، ئالتۇنغا سېتىپ ئالغان مۈلكۈم « مەسنەۋى شېرىپ » ناملىق كىتاۋىمنى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونى تاغ باغرىدا سۈزۈك بۇلاق ئۈستىدە دەفنى قىلىنغان ھەزرىتى مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى ھۆسەيىن ئوغلى قەلەم ئىگىسى بولغان ماھمۇت قەشقەرىنىڭ مازارىغا مۇتلەق ۋەقپە، ئەبەدى سەدىقە قىلدىم» دەپ يازغان . بۇ مازار بۈگۈن قەشقەردىكى ئەڭ كاتتا زىيارەتگاھلارنىڭ بىرىدۇر .

**يۈسۈف خاس ھاجىپ مازارى :** ـــ ئورنى قەشقەر شەھەر ئىچىدە. 11 - ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن ئالەمشۇمۇل ئەسەر « قۇتادغۇ بىلىگ » نىڭ ئاپتورى. بۈيۈك مۇتەفەككۇر شائىر يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ مۇبارەك قەبرىگاھى. قەشقەردىكى كاتتا زىيارەتگاھلارنىڭ بىرىدۇر .

**بەدەۋلەت ياقۇپبەگ قەبرىسى :** ـــ ئورنى قەشقەر ھەزرەتتە، ئاپپاق خوجا قەۋرىسىنىڭ ۋە ياقۇپ بەگ مەسجىدىنىڭ يېنىدا. غازات ئۇرۇشى بىلەن شەرقى تۈركىستاننى بىرلىككە كەلتۈرگەن ئالى قۇماندان ياقۇپ بەگ، 1877- يىلى خائىن نىيازبەگ تەرىپىدىن كورلىدا زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئەۋلاتلىرى تەرىپىدىن قەشقەرگە كەلتۈرۈلۈپ بۇ يەرگە دەفنە قىلىنغان.

**خوجا نىياز ھاجى قەبرىسى :** ـــ ئۈرۈمچىدىكى دۆلەت تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى كونا شېھىتلىكتىكى يېگانە گۈمبەزلىك قەبرە. 1933 - يىلىدىكى دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى خوجانىيازھاجى 1937 - يىلى ختاي ئىستىلاچىلىرى تەرىپىدىن ئالداپ شېھىد قىلىنغان.

**ساۋۇت داموللام قەبرىسى :** ـ ئۈرۈمچى كونا شېھىدلىكتە، خوجا نىياز ھاجىنىڭ قەۋرىسىنىڭ شەرقى شىمالى 5 مېتىر يىراقلىقتا. 1933 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان « شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نىڭ قۇرغۇچىسى، ساۋۇت داموللام 1934 - يىلى روس - ختاي سۇيىقەستىدە شېھىد بولغان.

**ئەخمەتجان قاسىمى قەبرىسى :** ـــ غۇلجا شەھرىنىڭ مەركىزى باغچىسىنىڭ ئىچىدە. 1944 - يىلى قۇرۇلغان «شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ رەھبىرى، ئەخمەتجان قاسىمى 1949 - يىلى روس - ختاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن ئايرۇپىلان ۋەقەسى سۇيىقەستىدە 5 سەبدىشى بىلەن بىللە شېھىد بولغان.

**ئابدۇلئەزىز مەخسۇم قەبرىسى :** ـ ئۈرۈمچى

( داۋامى 91 - بەتتە )

# ئاۋستىرالىيەدە ئىلى مەشرىپى

ئە. ئىگەمبەردى

نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى دەستۇرغا ئىگە مەشرەپ، خەلقىمىزنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى ۋە مەدىنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنى، رەڭدار شەكىللىرى، ئاجايىپ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بىلەن ئۇزۇن تارىخى دەۋىرلەردىن بۇيان مىللىتىمىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، مەدىنىيەت، ئىلىم - پەن، گۈزەللىك ۋە ئۆملۈكنى سۆيىدىغان ۋە ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيدىغان خەلقىمىز بىلەن بىرگە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

مەشرەپ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىغا كۆرە، يالغۇزلا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا پىشىپ يېتىلگەن سىياسى، ئىجتىمائى، مەدىنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئىلىم - پەن، ئۆرپە - ئادەتلىرىنىڭ ھەممە ساھەلەر بويىچە ۋايىغا يېتىپ، ئەۋلاتلارنى تەربىيەلەپ كەلگەن ئۇلۇغ ئاممىۋى تەلەپتۇر.

ئەپسۇسكى، خىتاي باسقۇنچىلىرى، شەرقي تۈركىستان خەلقىنىڭ پۈتۈن بارلىقىنى تارتىۋالغانىنى ئاز دەپ، ئەجداتلارنىڭ ئۆلمەس مىراسى بولغان مەشرەپنى كۆزگە قادالغان مىخ كۆرۈپ، 1995 - يىلى غولجىدا باشلانغان ئاممىۋى مەشرەپ ھەركىتىگە قارشى ھەرخىل ھىلە - مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ، ئاخىرى بۇ ئاممىۋى خەلق ھەركىتىنى قانلىق باستۇردى ھەم قانلىق باستۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ.

ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ دات - پەريادىنى ئۇزاقتىن تۇيۇپ كېلىۋاتقان ئاۋستىرالىيەدىكى شەرقي تۈركىستانلىقلار، 1997 - يىلى 4 - ۋە 5 - فېۋراللاردا غۇلجىدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەرنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا، غۇلجا شەھرىدە ۋەتەنپەرۋەر ياشلىرىمىز قوزغىغان ئىلى مەشرىپىنى ئاۋستىرالىيەدە قانات يايدۇرۇپ، ئىلى ياشلىرىنىڭ ئىنقىلاۋى ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، « ئاۋستىرالىيە شەرقي تۈركىستان جەمىيىتى » نىڭ تەشكىللىشى ۋە ياشلىرىمىزنىڭ غەيرىتى بىلەن خەلقىمىز كۆپرەك جايلاشقان ئادېلايدى شەھرىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن سىدنېي شەھەرلىرىدە، « ئونتۇز ئوغۇل مەشرىپى » نى تەشكىللەشكە كىرىشىپ، رەسمي ھەر ئايدا بىر قېتىم دەۋر قىلىپ تۈزىدىغان مەشرەپنى باشلىدۇق. ئىلى مەشرىپىنى ئاۋستىرالىيەدە نوپۇسىمىزنىڭ ئازلىقى، جايلاشقان ئورۇنلىرىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزدىن يىراق ۋە چېچىلىپ كەتكەنلىكىمىز، ھەر قايسىمىز شەرقي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالاھىدە ئەھۋاللىرىمىزغا ئاساسەن، مەشرىپىمىزنىڭ ئاساسى مەزمۇنى ۋە شەكلىنى ساقلاپ، ئۇنى ھازىرقى شەرقي تۈركىستان داۋاسى تەقەززا قىلىۋاتقان مەزمۇنلار بىلەن بېيىتتۇق. 1997 - يىلى 30 - ئاۋغۇست 34 نەپەر مەشرەپ ئەھلىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن، « ئاۋستىرالىيە تۈركىستان ياشلار مەشرىپى نىزامنامىسى » تەستىقلىنىپ، مەشرەپ يىتەكچى گۇرۇپپىسىغا قازى، يىگىت بېشى، مۇفتى، پەششاپ، گۈل بېگىلەر سايلاندى.

مەشرەپ نىزامنامىسىدا مەشرەپ ھەققىدە: «

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەشرەپ، ئاۋىستىرالىيەدىكى بارلىق ۋەتەنداشلار ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىپ، ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئەجدادلار ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، مەنىۋى ھاياتىمىزنى جانلاندۇرۇپ، ئاۋىستىرالىيەدىكى مىللىي مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلاش ۋە ھازىرقى خىتاي باسقۇنچىلىرى دەپسەندە قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي داۋاسىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتەن خەلقىمىزگە ماددى، مەنىۋى ياردەمدە بولۇش» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا مەشرەپنىڭ تەرتىۋى، مەشرەپ ئەھلىنىڭ ۋەزىپىسى، مەشرەپ يىتەكچى گۇرۇپپىسىنىڭ ۋەزىپىسى، قازى، مۇفتى، يىگىت بېشى ۋە پاششاپلارنىڭ ۋەزىپىسى دىگەنلەر مەشرەپ نىزامنامىسىدا ئېنىق مۇقىملاشتۇرۇلغان. تۆرت سائەتلىك بۇ مەشرەپتە، مەشرەپنىڭ باشلانغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ۋەتەن ھەققىدىكى خەۋەرلەر، جامائەتىمىز ئىچىدىكى مەسىلەر، ئېقىم مەسىلىرى، ئەڭ ئاخىردا كىتاپلاردىن بىرەر ئابزاست ئوقۇلىدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن قىسقىچە تەبلىغ ئېلىپ بېرىلىدۇ. گۈلچاينىڭ ئايلىنىشى بىلەن ئۆز - ئارا دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق، ۋەتەن - مىللەت، ھەققىدىكى بېيت - شېئىر، يۇمۇر لەتىپىلەر ئېيتىلىدۇ. ئارىلاپ نەغمە - ناۋا، مىللىي ئۇسسۇل، مەشرەپ ئويۇنلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. ئاخىرىدا مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئىككى مەشرەپ ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن يىتەرسىزلىك نۇقسانلىرى بىرتەرەپ قىلىنىپ، ھەر خىل ئەھۋاللارغا قارىتا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىپ، ماددى ۋە مەنىۋى جەرىمانە ۋە چارىلار بېرىلىپ، كېيىنكى مەشرەپنى ئالغۇچىلارنىڭ رەسمىيتى ئۆتۈلۈپ، مەشرەپ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلىنىدۇ. ئىلى مەشرىپى ئادېلايدىئې شەھرىدە ئىككى يىلدىن بۇيان ۋە سىدنېيدا بىر يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئىزچىل تۈردە يۈتكۈزۈلۈپ كېلىنىۋاتىدۇ.

مەشرەپ تارىختىن بۇيان مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاش ۋە مىللىتىمىزنى تەربىيەلەشتە مەكتەپلىك رولىنى ئوينىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز بەزى ئادەملەردىكى تەربىيەسىزلىكلەرنى كۆرگەندە ئومۇملاشتۇرۇپ، « مەشرەپ كۆرمىگەن» دىگەن ئاقىلانە ھۆكۈمنى چىقارغان. مەشرەپ مىللىتىمىزنىڭ تەربىيۋى مەكتىۋى، ئۇ مىللىتىمىزنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە پايدىلىق. بۇنى تارىخ، ئەمىلىيەت ئىسپاتلاپ بېرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەدە، قاچان، قانچىلىك ئادىمىمىز بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنى دەرھال باشلاپ، قەتئىي داۋاملاشتۇرىشىمىز كېرەك.

كومىنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى مەشرەپنى چەكلىدى، ئۇنىڭغا قاتناشقۇچىلارنى قاتتىق باستۇرۇۋاتىدۇ. « جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دەپ، خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ئاساسى مەقسىدى، مىللىي روھىمىزنى ئۇجۇقتۇرۇپ، ھەر - بىر شەرقىي تۈركىستانلىقنى ئىتائەتچان قۇللارغا ئايلاندۇرۇش. بۇ مەسىلە بۈگۈن مىللەتنىڭ ھايات - ماماتىغا تاقىلىپ تۇرغان ۋاقىتتا، مەشرەپ ناملىق بۇ روھى بايلىقىمىزنى قەتئىي ساقلاپ، ئۇنى داۋاملاشتۇرىشىمىز كېرەك.

بولۇپمۇ خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك زۇلمى ئاستىدا چەتئەلگە تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ۋەتەنسىزلىك، چەتئەللەردىكى مۇساپىرچىلىق، سەرگەردانلىق ھايات جېنىمىزغا قاتتىق پېتىۋاتقان شۇ ئاي شۇ

( داۋامى 113 - بەتتە )

# مىللىي داۋايىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەيلى

ئابلاجان لەيلى نامان ( ئامېرىكا )

ھەممىمىزگە مەلۇم، بىزنىڭ مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇجادىلىمىز ھەرگىزمۇ بىرەر مۇستەملىكىچىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى سۆپىتىدە ئاتالمىش «بۆلۈنۈش» ياكى «پارچىلىنىش» ... بولماستىن، ئەكسىچە ئەزەلدىنلا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كومۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ قانمۇ - قات زۇلمى ئاستىدا ئەسىر بولۇپ قالغان ئەزىز ۋەتىنىمىزنى قايتۇرۇپ ئېلىش، ئەركىنلىگىمىز ۋە ھۆرلۈگىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆز ھەققىمىز ۋە ئۆز رىسقىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە بولۇش، بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۆزىمىزگە ئەزەلدىن تەئەللۇق بولغان مىراسىمىزنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان مۇجادىلىدۇر، خالاس! كونىلاردا: «قەرىز ئېلىپ، بەرمىگىنىڭنى كۆرەي، تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىڭنى» دەيدىغان بىر ھىكمەتلىك سۆز بار. دېمەك بىزنىڭ ھەققىمىزگە كومۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى قەرىز ئىكەن، چوقۇم قايتۇرىشى كېرەك ھەم قايتۇرىدۇ. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ئۆزلىگىدىن قايتمايدۇ ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا بىز بۇ ھەققانى مىراسىمىزنى قايتۇرۇپ ئالالامدۇق؟ ياق، چوقۇم قايتۇرۇپ ئالىمىز. چۈنكى، قايتۇرۇپ ئېلىشىمىز زۆرۈر ھەم شەرت! ئەمما ئەڭ مۇھىمى شۇكى، داۋانىڭ ھەققى ئىگىسى پەقەتلا بىز. بىز مانا مۇشۇ مۇھىم نۇقتىنى تۇپ مەنىسىدىن تولۇق تونۇپ يەتكەن چېغىمىزدىلا، ئاندىن ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى كىمنىڭ بەلگىلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئۇلۇغ ھەقىقەتنى بايقاپ ئالالايمىز.

بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى مۇجادىلىمىز ئىلگىرىكى ۋە يېقىنقى زاماندىكى مۇجادىلىرىمىز بىلەن مەقسەت ھەم خاراكتىر جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما شارائىت ۋە دەۋىر جەھەتتىن تۈپتىن پەرىقلىنىدۇ. شۇڭا ھازىرقى 90 - يىللارغا خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، خەلقئاراغا يۈزلەنگەن مۇجادىلىمىز بىزدىن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھازىر پۈتكۈل دۇنيا ئەللىرى، جۈملىدىن بىزمۇ ھەم «تېنىچلىقنى»، خەلقىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىنى ئەڭ موھىم ئورۇنغا قويۇپ كېلىۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز، قانچىلىغان ئازاپ ۋە خورلۇقلارغا لېۋىمىزنى چىشلىگەن ھالدا، كەلگۈسىگە، پۈتكۈل دۇنيا دىموكراتسىيىلىرىگە چەكسىز ئۈمۈت باغلاپ، داۋارىمىزنى ئىلمي ئاساستا پۈتكۈل دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىش ئارقىلىق خەلقارانىڭ قوللىشى ئاستىدا تىنىچ يول بىلەن مۇستەقىللىققا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدۇق ھەم كېلىۋاتىمىز. ئەمما بۇ خىل ئارزۇ، كېچە - كۈندۈز خىيال قىلىش، ئاچچىق يۇتۇپ ھەسرەت چېكىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە، دۇنياغا يۈزلەنگەن ئاساستىكى نازۇك سىياسى يول بىلەن ھەل بولىدىغان مەسىلىدۇر. ئەمما شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىشىمىز كېرەككى، دۇنيا يۈزىدىكى

www.uyghurkitap.com



بارلىق مۇستەملىكىچىلەر ئاساسى جەھەتتىن ئىختىيارەن ياكى مەجبۇرەن يوقۇتۇلدى ھەم يوقۇتۇلىۋاتىدۇ. ئەقەللىسى، كومۇنىزىمنىڭ ئەڭ ئەشەددى قوغدۇغۇچىسى بولغان ئاتالمىش «سوۋىتلەر ئىتتىپاقى» مۇ پارچىلىنىپ، پۈتكۈل دۇنيا خەرىتىسىنى قايتا تۈزۈپ چىقىشتەك ئەۋزەل ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. خىتاي كومۇنىست ھاكىمىيىتىمۇ چوقۇم يېقىن كەلگۈسىدە ئۆز ئىچىدىن پارچىلىنىپ ھالاك بولىدۇ. ئەمما بىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزلىكىدىن ھالاك بولۇشىنى ئېڭەك تۈتۈپ كۈتۈپ تۇرماي، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغانلىكى كومىنىستقا قارشى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ (دىموكراتىيەنى ياقلىغۇچى خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە سىرتقى قىسمىدىكى كۈچلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يېقىندىن بىرلىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كومۇنىزىم سىستىمىسىنى بۇزۇپ ئۆزگەرتىشىنىڭ ئۆزىمۇ نۆۋەتتىكى ئىنقىلاۋىمىزنىڭ بىر قىسمى ھىساپلىنىدۇ. خۇددى «دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز» دىگەندەك.

ئېغىزدا «كۈرەش قىلىمەن» دىيىش ئاسان، ئەمما ئۇنى ئېلىپ بېرىش، غەلبە قىلىش ئاسان ئەمەس. گەپ كۈرەشنى زادى قانداق، قايەردىن باشلاشنى ئالدىن پىلانلاپ، مۇستەككەم ئۇيۇشقان ئىتتىپاقلىق ۋە قاتتىق تەشكىلچانلىق ئاساسىدا بىر خىل نىيەت، بىر خىل مەقسەتتە، بىر خىل پىكىر، بىر خىل قاراشتا، بىر خىل مەۋقەدە تۇرۇپ ئېلىپ بېرىشتىدۇر. شۇڭا داۋايىمىزنى پۈتكۈل دۇنيا جامائەتچىلىكىگە جىددى ۋە توغرا ئاڭلىتىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇ ھالدا چوقۇم ھەممىمىز ئۆزىمىز بىلگەن مۇقامدا ئەمەس، ئەكسىچە ئورتاق بىرلىك ئاساسدا ئاڭلىتىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.

بىزدىكى پەۋقۇلئاددە بايلىقتىن پايدىلىنىشنى ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىسى قىلىپ بەلگىلەپ كەلگەن ھەم پايدىلىنىپ تەمىنى تېتىپ كەلگەن خىتاي ھاكىمىيتى، ئىلگىرى پەقەت ئۆزىلا پايدىلىنىپ كەلگەن بولسا، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۆزلىرىگە گويا غايىپتىن پەيدا بولغاندەك تۈيۇقسىز نېسىپ بولۇپ قالغان بۇ بايلىقتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قاتتىق ئەنسىرەپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا كۆپلەپ خېرىدار چاقىرماقتا... ئوغرىنىڭ قولىدىن چوقۇم ئەرزان مال ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان قىسمەن چەتئەل كۈچلىرى بولسا، گويا بۇ سودىنى قولدىن بېرىپ قويسا يۈرىكى توختاپ قالىدىغاندەك، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە جىددى ھەرىكەتكە ئاتلانماقتا. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتساق، بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى بۇ چەكسىز بايلىق پۈتكۈل دۇنيانىڭ كۆزىنى قىزارتىپ، نەپسىنى تاقىلداتماقتا. مەن پەقەت تارىختىن بىخەۋەر قىسمەن خەلقنىڭ بىزنى تونىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمما يەر شارىدا دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەر قانداق بىر گۇرۇھنىڭ بىزنى ھەقىقەتەن تونىمايدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشەنمەيمەن. بۇنىڭغا شۇنى مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرمەكچىمەنكى: مەن ئامېرىكىغا كەلگەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە مېنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە بىۋاستە چاقىرتقان جېسسى ھېلمىس باشلىق، خرىستوپەر ھـ سمىت، دانا روخرابا خەر، خونورابلە فرانك، ر ۋولف، مىخائىل پاپاس... قاتارلىق يىگىرمىدىن ئارتۇق پارلامېنت ئەزاسى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە سۆھبەتلىشىش جەريانىدا ئىگەللىگەن تەجرىبىلىرىم شۇنى ئېنىق ئىسپاتلىدىكى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىزنى ۋە

بىزنىڭ كىملىكىمىزنى كىشى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئېنىق چۈشۈنىدىكەن. مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى ھەم خوشاللاندۇرغىنى شۇكى، مەن كولۇمبىئا ئۇنىۋېرسىتېگە بېرىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى ۋەزىيىتى ئۈستىدە دوكلات بەرگەن چېغىمدا كۆپلىگەن پروفسورلارنىڭ بىزنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا قىسمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا راۋان سۆزلىشەلەيدىغانلىقىنى كۆردۈم. دىمەك بىزنى چۈشۈنىدىغانلار، بىزگە ياردەم بېرىدىغانلار، ياردەم بېرىشتىن باش تارتىدىغانلاردىن كۆپ ئىكەن. ئىلگىرى مەن ئامېرىكا خەلقىنىڭ بىزنى تېخى تولۇق قوللاپ كەتمەسلىكىنى، «بىزنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ قالغانلىقىمىزدىن بولسا كېرەك» دەپ خاتا خۇلاسە چىقارغان ئىكەنمەن. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار بىزنى تونىمىغانلىقىدىن، بىلمىگەنلىكىدىن، چۈشەنمىگەنلىكىدىن شۇنداق كۆرۈنگەن ئىكەن. شۇڭا مەن ئۆزەمگە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، جىددى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىمىزنى پۈتكۈل دۇنيا جامائەتچىلىكى جۈملىدىن ئامېرىكا خەلقىگە تونۇتۇشنى ۋەزىپە قىلىپ بېكىتتىم. مىللەت - ۋەتەن داۋاسى بىر خىل ئورتاق داۋا بولۇپ، ئۇ، ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەس، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغان، ئومۇملۇقنى ئاساس قىلىدىغان ھەركەت بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر ئاددى ئۇيغۇر پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆز كۆز قارىشىم ۋە سىياسى پائالىيىتىمنى ئومۇمى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە، 1996 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۈتكۈل تاشقىرىدا مەملىكىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشى، جۈملىدىن قىسمەن ئامېرىكىلىق دوستلارنىڭ قىزغىن ياردەملىشىشى بىلەن، رەسمى قانۇنلۇق ھالدا «خەلقئارالىق تەكلىماكان ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش جەمىيىتى»نى قۇرۇپ چىقتۇق.

مەن بىرقانچە يىلدىن بۇيان چەتئەلدە ياشاش جەريانىدا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئەگەربىز تاشقى دۇنيادىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلار مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ، بىرنىيەت ۋە بىرمەقسەتتە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغانلا بولساق، مىللىي داۋايىمىزنى چوقۇم يېقىن كەلگۈسىدە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ، ۋەتەندىكى شېھىتلىرىمىزنىڭ روھىنى شات ئېتەلەيمىز!

---

( بېشى 86 - بەتتە )

شىنجاڭدىكى ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەننىڭ مارت ئېيىدا بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «چەتئەلدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى ۋە كۈچى، بۇ رايۇندىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچىلەرگە تەسىر كۆرسەتمەكتە ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولماقتا».

بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بولسا بۆلگۈنچى ھەركەتلەرگە قارىتا قاتتىق باستۇرۇش، كەڭ - كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشنى ئېلىپ بارماقتا.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ 20 - ئاپرىلدىكى خەۋەرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى نۇرغۇن «تېررورلىق» ھەركەتلەرگە قاتناشمىغان بىگۇناھ ئادەملەرنىمۇ تۇتقۇن قىلىپ ۋە ئېغىر جازالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلماقتا.

# كېرەم شېرىپنىڭ دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان سۆزى

(كېرەم شېرىپ 99 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگىچە شىۋىتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھرىدە چاقىرىلغان «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى» نىڭ 55 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىغا بىۋاستە قاتناشتى ھەمدە بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى «ئۆلۈم جازاسىغا قارشى تۇرۇش گۇرۇپپىسى» نىڭ يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن مەخسۇس سۆز قىلدى)

«ھۆرمەتلىك خانىملار، ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر،

بۈگۈن مەن «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»، «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» گە ۋاكالىتەن يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللىرىگە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا (خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتالغان) ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە قىسقىچە دوكلات بېرىپ ئۆتىمەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بىزنىڭ بىز ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىشىدىن ۋە خەلقىمىزنىڭ مۇستەقىللىققا بولغان ئىنتىلىشلىرىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئېغىر ۋە ئىنسان قىلىپ چىققان ۋەھشى سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ كەلمەكتە.

پەقەتلا بىز 1990 ـ يىلدىن بۇيانقى ئەھۋاللارنى ئېلىپ ئېيتساق، 90 ـ يىلدىن بۇيان نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇرلار سەۋەپسىز ۋە ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپاتسىزلا تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىلەرگە قامالدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

مەسىلەن: «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلان قىلغان خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1999 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا. شەرقىي تۈركىستاندا خەلقىمىز كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتكە قارشى جەمئىي 150 قېتىمدەك ھەر خىل مىللىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ئەمما مۇشۇ ھەرىكەتلەردىن كېيىن، ئۇنىڭغا قاتناشقان 7000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. (خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى» دىگەن باھانە بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر بۇ سانىنىڭ نىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ)

خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بۇ 7000 ئادەمنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ساقچىلار تەرىپىدىن نامايىش جەريانىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، بەزىلىرى تۈرمىلەردىكى قاتتىق جىسمانىي قىيىن ـ قىستاق، كېسەل ۋە ياكى ئېغىر مەجبۇرى ئەمگەك نەتىجىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن يۇقارقى كىشىلەرنىڭ پەقەت 10 پىرسەنتىلا مەھكىمە

تەرپىدىن «جىنايىتى بار» دەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇلار پەقەتلا تىنچ ھالدا نامايىشلارنى تەشكىللىگەنلىكى ۋە نورمال دىنى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ ھېچبىرىنىڭ «جىنايىتى» ئىسپاتلانمىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئارتىلغان «جىنايەت» لىرىنى ئاقلىشىغا قىلچىمۇ پۇرسەت بېرىلمىگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تىنچلىق شەكلىدە ئېلىپ بارغان نامايىشلىرىغا قارىتا ئىنچىل ھالدا قاتتىق، ئىنتايىن رەھىمسىز ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى قوللاندى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەۋەرلەرنى قاتتىق قامال قىلىشى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلار توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ رايونلىرىدا ئۆلتۈرۈلگەن نۇرغۇن ئادەملەر توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تاشقى دۇنياغا ھېچقانداق بىلدۈرۈلمىدى.

مەسىلەن: 1997 ـ يىلى 5 ـ فېۋرالدا غۇلجا شەھرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىپ بارغان نامايىشى خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچراپ، نەقمەيداندا 400 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى ۋە بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن ھازىرغا قەدەر جەمئى 114 ئادەم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. 1999 ـ يىلى 25 ـ 26 ـ ۋە 28 ـ يانۋاردا غۇلجا شەھرى، قورغاس ۋە ئىلقا ناھىيىلىرىدە يەنە ئون ئۇيغۇر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى، 55 نەپەر ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىندىغانلىقى ئېلان قىلىندى.

ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان يۇقارقى كىشىلەر ھەققىدە بىز تولۇق مەلۇماتقا ئىگىمىز.

ئەنگلىيەنىڭ BBC رادىيوسىنىڭ 1999 ـ يىلى 28 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا ، خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە 8 ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان ۋە 45 ئۇيغۇرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش تىزىملىكىگە ئالغان.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۈگۈنكىدەك دېموكراتىك بىر دەۋردە ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ خىل قىرغىنچىلىق سىياسىتى ، 8 مىليون 300 مىڭ نوپۇسقا ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرمەكتە . ئەپسۇسكى بۇ خىل تېرورلۇق خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت ـ ئېتىۋارىنى ناھايىتى ئاز قوزغىماقتا . ھازىر شەرقىي تۈركىستان، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پەقەت ئادەم جازالايدىغان جازا مەيدانى ۋە تۈرمىسىگە ئايلاندۇرۇلدى.

ھۆرمەتلىك خانىملار ، ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر ، سىلەرنىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرىشىڭلار، بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلىشىمىزگە سەۋەبچى بولماقتا. بىز دۇنيا جامائەتچىلىكىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قاراتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى توختۇتىشىغا بېسىم ئىشلىتىشىنى ، شۇنداقلا ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىككىنجى كوسوۋاغا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىغا كۈچ چىقىرىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

شۇڭا ھەر قايسى ۋەكىللەردىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرىنى ئەيىپلەپ بۇقېتىمقى يىغىنغا سۇنغان قارار لاھىيەسىنى قوللىشىنى ئۈمۈت قىلىمىز. كۆپچىلىككە رەخمەت».

www.uyghurkitap.com



# دالاي لامانىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئېيتقانلىرى

( ئامېرىكا « ئەركىن ئاسىيا رادىيو ئىستانسىسى » نىڭ مۇخبىرى ئۈمەر قاناتنىڭ، 1999 - يىلى 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گېرمانىيەنىڭ بون شەھرىدە دالاي لاما بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ ئەمىلى ئەھۋالى )

سوئال: ھۆرمەتلىك دالاي لاما ئالىيلىرى، سىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى تىبەتلىكلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى مىللەتنىڭ تەقدىرىمۇ بىر - بىرىدىن پەرىق قىلمايدۇ. سىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تاشقى دۇنيادا تىبەت داۋاسى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېلىۋاتىسىز، سىز ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاپ: 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مېنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋىتىم بار، بىز 1959 - يىلىدىكى تىبەت قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىز ئامالسىز ھالدا ۋەتىنىمىزنى تاشلاپ چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. بىزچەتئەلگە قېچىپ چىققاندىن كېيىن، چەتئەلدە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلاربىلەن، بولۇپمۇ تۈركىيە ۋە ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىن ھەكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتۇق. بىز ئۆزئارا ئۇچرۇشۇش ۋە پىكىرلىشىش ئارقىلىق، تىبەت داۋاسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ داۋاسىنىڭ كۆپ جەھەتلەردىن بىر- بىرىگە نامايىتى ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىن ھېس قىلدۇق. مېنىڭچە، بىزنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىمىزنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ موھىم ئامىل - بىزنىڭ ئىرادىمىز ۋە جاسارىتىمىزدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار قەتئى ئۇمىتۋار بولۇشى، ئىرادىسىدىن يانماسلىقى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتماسلىقى كېرەك.

يەبىرموھىم ئامىل شۇكى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى ئاساسىدا قۇرۇلغان مىللىي مىراسلىرىغا، مەدىنىيتىگە ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئىگە چىقىپ، ئۇنى ئاداققىچە مۇھاپىزەت قىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلار دۇنياغا يۈزلىنىپ، ئۆزىنى زامانىۋى بىلىم ۋە پەدىن - تېخنىكىلار بىلەن قوراللاندۇرۇشى كېرەك. سىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، مېنىڭ كۆرەش يولۇم ۋە ئۇسۇلۇمنىڭ ئاساسى تېنىچلىق شەكلىدىكى كۆرەشتىن ئىبارەت. ئەلۋەتتىكى، خىتاينىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمى تۈپەيلىدىن ھازىر بەزى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز قوراللىق كۆرەشكە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولىۋاتىدۇ، مەن ئەلۋەتتە بۇنىڭغا توغرا قارايمەن ۋە ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمنىڭ ھېسسىياتىنى توغرا چۈشۈنىمەن. ئەمما ئۇزاقنى كۆزدە تۇتقاندا، مەن شەخسەن تېنىچلىق شەكلىدىكى كۆرەش ئۇسۇلىنى بىرقەدەر مۇۋاپىق ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسول دەپ قارىمەن. مەن ھەرزامان ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىدا ۋە ئىمكانىيتىمنىڭ بېرىچە ئۇيغۇرلارنىڭ داۋاسىغا ياردەم قىلىشقا تىرىشىمەن.

سوئال: سىز باشتىن - ئاخىر تېنىچلىق ئۇسولى بىلەن كۆرەش قىلىشنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىسىز ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن دىيالوگ قۇرۇشقا تىرىشىۋاتىسىز، سىزبۇجەھەتتە بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلىدىڭىزمۇ؟

جاۋاپ: ئۆتكەن كۆزدىن بېرى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولۇپ كېلىۋاتقان بەزى غەيرى رەسمى مۇناسىۋەتلىرىمىزمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى، ھازىر خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدىغان ھېچبىر قانالىمىز يوق. ئەمما ھازىر تىبەتتە ۋەزىيەت كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ دىنى بېسىم بارغانسىرى كۈچىيىپ، تىبەت خەلقىنىڭ نورمالنى دىنى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى قاتتىق چەكلىمىلەرگە ئۇچراۋاتىدۇ. ھازىر خىتاي ھۆكۈمىتى تىبەتتىكى بۇتخانا ۋە ئىبادەتخانىلارنى مەجبۇرى ھالدا سىياسى تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغان ماكانىغا ئايلاندۇرۇلدى. بۇ جەرياندا 10 لامالارنىڭ دىنى ۋەزىپىسىنى مەجبۇرى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇلار بۇتخانا ۋە ئىبادەتخانىلاردىن ھەيدەپ چىقىرىلدى. يېقىنچاقلاپ ئېيتقاندا تىبەتتە دىنى بېسىم بارغانسىرى كۈچىيىپ، دىنى پائالىيەتلەرنىڭ دائىرىسىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە تارىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە تىبەت تىلى ۋە ئەدەبىياتىمۇ قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىمۇ قىسقىراپ كېتىۋاتىدۇ. گەرچە ۋەزىيەت شۇنداق بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە ئومومى يۈزلۈك بىر ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن تىبەت داۋاسىدىن ناھايىتى ئۈمىتۋارمەن.

سوئال: دالاي لاما ئاللىرى، سىزچە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ داۋاسىنى غەرىب دۇنياسىغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك شەكىلدە ئاڭلىتىش ئۈچۈن قانداق بىر يول تۇتىشى كېرەك؟

جاۋاپ: ئۇيغۇرلار مىللىي داۋاسىنى غەرىب دۇنياسىغا تېخىمۇ ياخشى ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى ياخشى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلار ئىنتەرنەتكە ئوخشىغان زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاستىللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىدىن، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا سېلىۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇملىرىنى دۇنياغا تېخىمۇ لايىقىدا ئاڭلىتىشقا تىرىشىشى كېرەك. بۇ مېنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىدىغان تەۋسىيەمدىن ئىبارەت.

( بېشى 106 بەتتە )

( بېشى 106 بەتتە )

كۈنلەردە، ئاز بولسىمۇ 5 ـ 10 ۋەتەنداشلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ ئايدا بولسىمۇ بىر قېتىم دىدارلىشىپ، قېرىنداشلىق ئىتتىپاقىمىزنى كۈچەيتىپ، كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنىدا يەنچىلىۋاتقان «مەشرەپ» ناملىق بۇ مەڭگۈ سۇنماس گۈلىمىزنى ئەسلەش، ئۇنى قايتا جانلاندۇرۇش، روھىمىزغا يېڭىدىن ئوزۇق، جىسمىمىزغا قايتىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىپ، ئىمان ۋە ۋىجدانىمىزنى كۈچلەندۈردى.

بىز ئاۋىستىرالىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار مەشرەپنىڭ يوقىرىدا بايان قىلىنغان خاسىيەتلىك روھى ئوزۇقى ۋە جىسمىمىزغا بەرگەن كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە نېھمەتلىرىدىن دەسلەپكى قەدەمدە بەھرىمان بولدۇق. شۇڭا، بۇ نېھمەتتىن ۋەتەننىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ تەڭ بەھرىمان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھازىر تۇرىۋاتقان يەرلىرىدە ئەجداتلارنىڭ مىراسى بولغان مەشرەپنىڭ نۇرلۇق چىرىغىنى يېقىپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنى تەكلىپ قىلىمىز.

1999 ـ يىل 30 ـ ئىيون ( ئاۋۇستىرالىيە ـ سىدنېي )

www.uyghurkitap.com

Abdul Celil TURAN
Yenidogan Mh 41 Sk . No 7. /4
Zeytinburnu - ISTANBUL
Tel. /Fax: 0212. 6790370

Baskı, Cilt:
Bayrak Mat. Ltd. Şti
Tel./Fax.: (0212) 638 40 88 - 638 42 02
İstanbul, Ağustos 1999




سۈرەتتە:
« ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان
بىرلىكى » نىڭ پەخرى
رەئىسى مەشھۇر سىياسىيون
ئەركىن ئالپتېكىن
گېرمانىيەنىڭ گۆتتىنگەن
شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن
ئىنسان ھەقلىرى يىغىنىدا
گېرمانىيەدىكى ئىنسان
ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىغا
شەرقىي تۈركىستاننىڭ
نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە
خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ
شەرقىي تۈركىستاندا
يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق
سىياسىتى ھەققىدە تەپسىلى
دوكلات بەردى.




سۈرەتتە:
بۇيىل 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ
كۈنى، « ياۋروپا شەرقىي
تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ
ئەزالىرى، « بېيجىڭنىڭ
ۋەقەسى » نىڭ 10 يىللىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن
خىتاينىڭ گېرمانىيەدىكى
ئەلچىخانىسى ئالدىدا
ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە
نارازىلىق نامايىشقا
قاتناشتى. نامايىشقا،
دېموكراتىك خىتاي، تىبەت،
ئىچكى موڭغۇلىستان
ۋەكىللىرى ۋە « دۇنيا
خەتەر ئاستىدىكى
مىللەتلەرنى قوغداش
تەشكىلاتى » قاتارلىق بەزى
خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ
ۋەكىللىرىمۇ قاتناشتى.




سۈرەتتە:
بۇيىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ
كۈنى « دۇنيا ئىنسان
ھەقلىرى كومىتېتى » نىڭ
يىللىق يىغىنىغا
قاتنىشىۋاتقان ئۇيغۇر
ۋەكىللىرىدىن كېرەم
شېرىپ، پەرھات
مۇھەممەدى ۋە ئۆمەرجان
شاھيارىلار، « دۇنيا ئىنسان
ھەقلىرى كومىتېتى »
بىناسى ئالدىدا خىتاي
دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ
مەشھۇر زاتلىرىدىن
ۋۇخوگدا ئەپەندى بىلەن
كۆرۈشۈپ، شەرقىي
تۈركىستاندىكى ئىنسان
ھەقلىرى مەسىلىسى
ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.










سۈرەتتە (يۇقىرىدىن تۆۋەنگە):

1. قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خەمىت مۇھەممەت قاتارلىق 3 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ قازاقىستاننىڭ گېرمانىيەدىكى ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئۆتكۈزگەن نارازىلىق نامايىشىدىن كۆرۈنۈش

2. «غۇلجا ۋەقەسى» نىڭ ئىككى يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، خىتاينىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىكى كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن نارازىلىق نامايىشىدىن كۆرۈنۈش

3. 99 - يىلى 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىۋىتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىدىكى دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى بىناسى ئالدىدا خىتايغا قارشى ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە نامايىشتىن كۆرۈنۈش